# 2010.2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال

شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



BULAK

# بۇلاق

ISSN 1005-0876

04>

9 771005 087006

源泉 (布拉克) ○ BULAK




خەتتات مەنسۇر سۇن ئايدۇرپىشت يازغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

31 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 131 - سان

بولسا ئىگىمىزنىڭ يۈزى ئەكسى سۇدا پەيدا،
ئول سۇنى تەرەف بارسا ئاچىلغايى گۈلى رەئنا.

زۇلفۇڭ غەمى كۆڭلۈمنى بىلىپ فىكرىگە سالدى،
كۆزگىمنى خىيال ئىچرە سالىبتۇر ئانى سەۋدا.

غەۋغا قىلۇر ئول مەھۋەشلەر كويىدا لېكىن،
مەھۋەشلەرنى قىلماق ئانىڭ كويىدا غەۋغا.

ئەھۋالىمە فەرھاد ئىلە مەجنۇنغە تەئەججۇب،
ئىشق ئەتتى خىرەد ئەھلى قاشىدا مېنى رەسۋا.

ھەر سارى تەماشاغا كىم ئول شوخ قىلۇر ئەزم،
يوق ئاڭا تەماشاكى، ئېرۇر ئەلگە تەماشا.

دەۋران ساڭا زۇلم ئەتسە، قەدەھلەر تولا مەي ئىچ،
قان يۇتسەڭ ئاياغلار تولا دەۋرانغە نى پەرۋا.

ئول شوخكى مەيدان ئارا كۆرگەنگە سالۇر تىغ،
كۆرمەسكە سالۇر يەتتە نەۋائى سارى ئەمدا.

نەۋائىي غەزەللىرىدىن

# بۇلاق

2010 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەئلۇماتۇل ـ ئافاق ........................ ئەمىنىددىنخان ھۇسەينىي ھىرەۋى (5)

مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجەملخان ھەبىبۇللا ھاجى

مىرئاتى شەرق ........................................ غىياسىددىن (37)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

شېئىرلار ........................................ ھاجى ئىمىن يېگىمسارىي (46)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: بۇۋىمەرىيەم شېرىپ خۇشتار،
دىلبەر شاھمەردان

ھەلىمىي شېئىرلىرىدىن ........................ ئىنايىتۇللا ھەلىمىي (55)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا

### ئەدەبىي مۇھاكىملەر

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چەھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىدىكى بەزى شېئىرىي پارچىلار توغرىسىدا ........................
مىرسۇلتان ئوسمانوف (59)

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە .............. غوجەخمەت سەئىدىۋاققاسوف (70)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تاھىرجان مۇھەممەد، ئادىلجان تاھىر
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان ...... ئابدۇقەييۇم سايىم (89)
ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى .................. تۇرنىسا روزى (97)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


سودىگەرنىڭ ئوغلى بىلەن كېنىزەك (چۆچەك) .................. توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان (105)
ئوبۇل كاج بىلەن جىملەك جاھىل (چۆچەك) .................. توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرەھىم سابىت قاراخان (111)


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: مەختۇمسۇلا ۋە يالماۋۇز (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)
قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: پەرھات ئىبراھىم

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: مەتتۇرسۇن ئابدۇرىشىت، مەمەت نەۋبەت، نۇرئېلى نۇرمۇھەممەد



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

ئەمىنىددىنخان ھۈسەينى ھىردۋى

# مەئلۇماتۇل - ئافاق

مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىنىياز قوتلۇق

ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

## يەتتە ئىقلىمنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ بايانى

ئۇنىڭ شىمال تەرىپىنىڭ سىرتىنىڭ ئاخىرى شۇنداق جايدۇركى، ئۇ يەردە كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 24 سائەت داۋاملىشىدۇ. يەر ئۈگزىسى (يۈزى) نىڭ مۇساپىسى 750 مىڭ 32 پەرسەڭدۇر. ئۇنىڭدا ئىمارەت ئاز، ئاجايىبات ۋە غارايىباتلار تولىدۇر.

يەتتە ئىقلىمنىڭ سىرتى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى قىسمى خەتتى ئۇستۇۋا (ئېكۋاتور سىزىقى)نىڭ ئارقىسىدىدۇر، ھۆكۈمالار ئۇ يەرلەرنى «ماۋەرايى خەتتى ئۇستۇۋا» (ئېكۋاتور سىزىقىنىڭ ئارقىسى) دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەرلەرنىڭ ئاۋات يەرلىرىنىڭ مۇساپىسى 15 دەرىجىگە يېقىندۇر. مەشھۇر شەھەرلىرىدىن «سەفالەتۇر - رىيە»، «سەرىيرە» دېگەن شەھەرلەر بار بولۇپ، كافۇرنىڭ كانىدۇر. يەنە «بەجە»دېيىلىدىغان شەھەر بولۇپ، بەربەر (غەربىي ئافرىقىدىكى قوۋم) شەھىرىدىندۇر. ئۇ يەردىكى ئاراللاردىن بىرى «لەنكابۇس» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ خەلقى ئادەمخوردۇر. سودىگەرلەر ئۇ يەرگە يېقىنلاشماقچى بولسا، تولۇق، مۇكەممەل قوراللاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئارالغا يېقىنلىشىدۇ. تۆمۈرلەرنى ئۇلارغا سېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەنبەرلىرىنى سېتىۋالىدۇ.

يەنە بىرى «بەگلاپ» ۋە «جەبەلۇل قەمەر» ئاراللىرى بولۇپ، ئۇدى قىمارى (بىر خىل ياغاچ بولۇپ، دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ) شۇ ئارالدىن چىقىدۇ.

يەنە بىرى «كەھكەند» ئارىلى بولۇپ، خەلقى «پور بەند» دېگەن مەملىكەتنىڭ ئەسىرىدۇر. ئۇلار شۇلارغا باج - خىراج تۆلەيدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ ئارال خەلقى كۆپ پۇل خەجلەپ يېمەك - ئىچمەك تەييارلايدۇ، «پور بەند» خەلقى كېلىپ يېمەك - ئىچمەكنى يەپ كېتىدۇ. «كەھكەند» خەلقى ۋەزىپىسىنى بىر كۈن كېچىكتۈرسە، «پور بەند» خەلقى ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزىدۇ.

---

* بېشى ئۆتكەنكىساندا.

يەنە بىرى «خالتۇ» ئاربلى بولۇپ، چىنىنىڭ شەھىرىدۇر.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەر بىرى كىچىك كەنتلەرگە، شەھەرلەرگە، تاغلارغا، چۆللەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنى بايان قىلىمىز دېسەك، گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى يەتتە ئىقلىمنىڭ سىرتىدىكى جايلاردۇر. بۇ يەرلەر «ماۋەرايى ئەقالىمى سابىئە» (يەتتە ئىقلىمنىڭ ئارقىسىدىكى يەرلەر) دېيىلىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ ئاۋات يەرلىرى 50 دەرىجە، شۇنداقلا بىر دەرىجىنىڭ 13 ھەسسىسىدۇر. بۇ يەتتىنچى ئىقلىمنىڭ ئاخىرىدۇر. بۇ يەرلەردىن ئۆتسە ناھايىتى سوغۇق بولىدىغان، قار تولا ياغىدىغان يەرلەر باردۇر. بۇ يەرلەردىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ يەرلەردە ھايۋانات يوق، گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى «ئەلبۇد»، يەنە بىرى «بۇلغار» دېگەن شەھەرلەردۇر. سودىگەرلەر بۇ شەھەرلەرگە بېرىپ سودا قىلىپ يانىدۇ. يەنە بىرى «بورە» دېگەن شەھەر بولۇپ، ئادەملىرى ياۋا، ۋەھشىي كېلىدۇ، ئۆز كىشىلىرى بىلەن چىقىشمايدۇ. ئەھلى جاھانغا مەشھۇر بولغان قاما (سىنجاب)، سۆسەر دېگەن ھايۋانلارنىڭ تېرىسى بۇ شەھەرلەرنىڭ بايلىقىدۇر. بۇ شەھەرلەر زېمىن كەڭلىكىنىڭ 56 پەرسەڭ، 61 دەرىجە يېرىدىدۇر. بۇ يەرلەرنىڭ كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 19 سائەت داۋاملىشىدۇ.

زېمىن كەڭلىكىنىڭ 64 دەرىجە كېلىدىغان يېرىدە بىر قوۋم بولۇپ، ئۇلار ھېچ كىشىنى بىلمەيدۇ، كىشىنى ھەم تونۇمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ئۇزۇن بولغاندا 24 سائەت داۋاملىشىدۇ.

يەنە زېمىن كەڭلىكىنىڭ 65 دەرىجە يېرىدە ناھايىتى ئاۋات، كاتتا يەر باردۇر. بۇ يەر خەلقىنىڭ قامىتى بەش غېرىچ، يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ غېرىچتۇر. ئۇلار ئۆز بەدەنلىرىنىڭ تېرىلىرى بىلەن ئۆچىدۇ، ئەمما ئۆز جايلىرىدىن يىراققا بارالمايدۇ، ئۆز جايلىرىدىن ئايرىلسا دەرھال ئۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى شۇنچىلىك يازدۇق، قالغىنىنى ئاللا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 22 سائەت داۋاملىشىدۇ.

يەنە زېمىن كەڭلىكىنىڭ 66 يېرىم دەرىجە يېرىدە بىر قوۋم بولۇپ، مىزاجى ۋە تەبىئىتى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر. ۋۇجۇدىدا ئەقىل ـ ئىدراك يوقتۇر. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ئۇزۇن بولغاندا 23 سائەت داۋاملىشىدۇ.

يەنە زېمىن كەڭلىكىنىڭ 70 دەرىجە يېرىنىڭ بىر كۈنى بىر ئاي بولىدۇ. زېمىن كەڭلىكىنىڭ 71 دەرىجە يېرىنىڭ بىر كۈنى ئىككى ئاي بولىدۇ. زېمىن كەڭلىكىنىڭ 73 يېرىم دەرىجە يېرىنىڭ بىر كۈنى بەش ئاي بولىدۇ. زېمىن كەڭلىكىنىڭ 90 دەرىجە يېرىنىڭ بىر كۈنى ئالتە ئاي، كېچىسىمۇ ئالتە ئاي بولىدۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز بىلەنلا بىر يىل ئاخىرلىشىدۇ.

ئاۋات يەرلەرنىڭ ئاربىسىدىكى ئاربلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى «رۇبئى مەسكۇن» (ئاۋات تۆتتىن بىرى)گە يەتكۈچە 429 مىڭ پەرسەڭ يولدۇر. ھەر بىر پەرسەڭ 12000 گەزدۇر. ئۇنىڭ بىر قىسمىدا قۇياش جەۋزا يۇلتۇزى پەسلىدە 27 ـ دەرىجىدىن باشلاپ سەرەتان يۇلتۇزى پەسلىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىگە يەتكۈچە تولۇق غايىب بولماي تۇرۇپلا ھەقىقىي سۇبھى ئايان بولىدۇ.

يەتتە ئىقلىمنىڭ سىرتىنىڭ ئەھۋالىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەھەرلەر، ۋىلايەتلەر، تاغلار، قورۇقلۇقلار، چوڭ ـ كىچىك دەريالار، ئېرىقلار، قۇدۇقلار، بۇلاقلار، ئاراللارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كىرىش قىلىندى.

## يەتتە ئىقلىم ئىچىدىكى شەھەرلەر، ۋىلايەتلەر، تاغلار، قورۇقلۇقلار، چوڭ ـ كىچىك دەريالار، ئېرىقلار، قۇدۇقلار، بۇلاقلار، ئاراللارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى

دەسلەپتە ھەرقايسى ئىقلىملاردا قانچە شەھەر بارلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى ئىقلىم

چوڭ شەھەرلىرى 340، كىچىك شەھەرلىرى 1000 دىن. ئېگىز تاغلاردىن 20سى بار. 30 چوڭ ئېقىن (دەريا) سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. مەشھۇر شەھەرلەرنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

نەقلە شەھىرىمۇ مەشھۇر شەھەرلەردىندۇر.

ھەزرىتى مۇسەننىپ — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ھەرقايسى ئىقلىملاردىكى مەشھۇر شەھەرنى شۇ شەھەر ئىسمىنىڭ بېشىدا كەلگەن ھەرپ تەرتىپى بويىچە تارماق ـ تارماقلارغا بۆلۈپ بايان قىپتۇ.

ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ئەجز، ئەنجە دېگەن شەھەرلەر بار.

بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن بەھۇنە، بەربەر دېگەن ئىككى شەھەر بار.

تە (ت) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن تانە دېگەن بىر شەھەر بار.

جىم (ج) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن جاب، جوجەرمى، جەزىرەئى مىھراج، جەزىرەئى فەتىلە، جەكى، جىلە قاتارلىق ئالتە شەھەر بار.

ھا ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ھۇبرۇش، ھەبەشى، ھەرۇ مەھلا، ھەسىن، ھەزرەمەۋت، ھەتمى، ھەيران قاتارلىق يەتتە شەھەر بار.

خا (خ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن خالقۇ دېگەن بىر شەھەر بار.

دال (د) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن دەرۋار، دەمار دېگەن ئىككى شەھەر بار.

را (ر) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن رابىھ، رامىن، راشىر، رەيلەئ، رەغارە دېگەن بەش شەھەر بار.

زا (ز) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن زەيبەد دېگەن بىر شەھەر بار.

سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن سەتىنا، سەنھەرنا، سەرغور، سەرەندىب، سەئدە، سەئۇتىرە، سەقائۇر رەنج، سەقالە، سەمۇرى، سەندابىل، سەندان، سەۋاكىن، سوفار، سورىن، سەرىن، سۇھەيلى قاتارلىق 16 شەھەر بار.

شىن (ش) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن شەرمە، شەقالە، شەلافلەھ، شەنھەج دېگەن تۆت شەھەر بار.

ساد (ص) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن سەھار، سىغار، سەمۇ دېگەن ئۈچ شەھەر بار.

تا (ط) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن تەغار دېگەن بىر شەھەر بار.

ئەين(ع) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ئامە، ئەدەن، ئەلىقى، ئەمماق دېگەن تۆت شەھەر بار.

قاف (ق) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن قاھرۇن، قەئئارە، قۇلزۇم دېگەن ئۈچ شەھەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن كەرنى، كەللە، كوكەرد، كوكەم دېگەن تۆت شەھەر بار.
مىم (م) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن مارىب، مەدىنە، مەرھوما، مەربات، مەسۋاس، مەئدەن، مەئلەما، مەكرۇر، مەكىيل، مەمكوت، مەبەندەرى، مىججەم، مۇھرە دېگەن 13 شەھەر بار.
نۇن (ن) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن نەھرىۋان، نوبە دېگەن ئىككى شەھەر بار.
ۋاۋ (ۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ۋەئدە دېگەن بىر شەھەر بار.
ھا (ھ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ھەلەك دېگەن بىر شەھەر بار.
نوبە شەھىرىنىڭ بايانى بۇ شەھەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئەتراپلىرى كەڭ ـ كۇشادە بولۇپ، نىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. ئۇزۇنلۇقىنى 80 كېچە ـ كۈندۈزدە ئايلىنىپ بولغىلى بولىدۇ. بۇ دىيارنىڭ ئەھلى ئۇرۇس ـ پەرەڭدۇر. ئۇنىڭدا بىرقانچە جاي بولۇپ، كۈندۈزدىكى قۇياش ھارارىتىدىن سىرتقا چىققىلى بولمايدۇ، ئاھالىسى يەر ئاستىغا سېلىنغان ئۆيلەردە تۇرىدۇ. بۇ دىيارغا سودىگەرلەر بارىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم ـ سېتىم شۇنداق بولىدۇكى، بۇ يۇرتنىڭ ئەھلى ساتماقچى بولغان ماللىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ مەلۇم جايدا قويۇپ قويىدۇ. سودىگەرلەر ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق ماللارنى ئېلىپ باھاسى ئۈچۈن كېرەكلىك پۇل ـ ئەشيالارنى قويۇپ قويىدۇ. مال ئىگىلىرى كېلىپ، قويۇپ قويغان پۇل ـ ئەشيالارنى كۆرگەندىن كېيىن رازى بولسا ياخشى، رازى بولمىسا پۇل ـ ئەشيالارنى يىراقراق يەرگە ئايرىپ قويىدۇ. شۇ چاغدا سېتىۋالغۇچىلار كېلىپ يەنە پۇل قوشىدۇ، تاكى مال ئىگىلىرى رازى بولغۇچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.
نەقلە نوبە شەھىرىدىندۇر. نوبە پادىشاھى نەقلەدە ئولتۇرۇلگەن. ئۇ يەرنىڭ ئاياللىرى ناھايىتى ساھىبجامال بولىدۇ. ئۇ يەردە زىراپە دېگەن ھايۋان بار.

## ئىككىنچى ئىقلىم

بۇ ئىقلىمنىڭ چوڭ شەھەرلىرى 360، مەشھۇر بولغانلىرىنىڭ شۇلاردۇر. ئۇنىڭدا ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن كەلگەن شەھەرلەردىن ئەجا، ئەجىم، ئىرتىغا، ئەرمانىل، ئەرمەست، ئەسبۇت، ئەستان، ئەسۋان، ئەسمىم، ئەقسەر، ئەمناس، ئۇرىن قاتارلىق 12 شەھەر بار.
بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن بالۇلە، بەيلە، بەلىغ، بەھرەم، بەھرەن، بەھرەين، بەراھە، بەردەن، بەرزەج، بەسكەرە، بەسكرەم، بەتەن، بەررە، بەكساھ، بەكھا، بەلدارە، بەنارەس، بەھلەۋارە قاتارلىق 18 شەھەر بار.
تە (ت) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن تىبەت، تەرانە، تەكناباد، تولى، تىھلىبان دېگەن بەش شەھەر بار.
جىم (ج) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن جابە، جىرە، جىددە، جەزىرەئى ۋالا (ۋالا ئارىلى)، جەزىرەئى كادان (كادان ئارىلى)، جىرفەت دېگەن سەككىز شەھەر بار.
ھا (ح) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ھىجر دېگەن بىر شەھەر بار.
زال (ذ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن زەرئە دېگەن بىر شەھەر بار.
رە (ر) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن رەدىلە دېگەن بىر شەھەر بار.
سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ساس، سەھلاسە، سەلامەتە، سەلار، سەنجار، سوس، سومنات دېگەن يەتتە شەھەر بار.

تا ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن تايىف، تەبۇرا دېگەن ئىككى شەھەر بار.

ئەين (ع) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ئۇزاب، ئۇممان دېگەن ئىككى شەھەر بار.

فا (ف) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن فەقرا، فەقەت دېگەن ئىككى شەھەر بار.

قاف (ق) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن قاس، قەرىتا، قەرىن، قەتىق، قەلئەئى كالىنجەر، قەلئەئى كۇۋالىر، قەلئەئى قەنۇج، قەيس قاتارلىق توققۇز شەھەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن كۇجرات، كەلىيا، كەتانە، كەنكەرە، كەنبايىت، كەۋارەند، كەۋاھرابى دېگەن يەتتە شەھەر بار.

لام (ل) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن لەجام، لەھتى دېگەن ئىككى شەھەر بار.

مىم (م) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ماھۇدە، مەھۋا، مەدىنە، مۇدھەمە، مەفرەقەين، مەككە، مەكران، مەلەت، مەمنۇن، مەنسۇر، مەھرەۋان دېگەن 11 شەھەر بار.

نۇن (ن) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن نەجد دېگەن بىر شەھەر بار.

ۋاۋ (ۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ۋەھىر، ۋەھا، ۋەھى دېگەن ئۈچ شەھەر بار.

ھا (ھ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ھۇرمۇز، ھۇمان دېگەن ئىككى شەھەر بار.

يا (ي) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن يەمامە دېگەن بىر شەھەر بار.

ئىككىنچى ئىقلىمنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بايانىدىن بىكار بولۇپ، ئۇلۇغ مەككىنىڭ بايانىغا كىرىش قىلىندى.

ئۇلۇغ مەككە مەككە بىر شەھەرنىڭ ئىسمىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەككە دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى شوراش، شۈمۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزدىن كەلگەنىكەن. مەككىدە سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغانىكەن. بەزىدە بەككە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئېگىز يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەككە «ئۇممۇل قۇرا» (كەنتلەر ئانىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ھەممە زېمىن ئۇنىڭ ئاستىدىن باشلاپ يېيىلغانىكەن، شۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەككە زېمىنىنىڭ ئەسلى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ ئىككىنچى ئىقلىمدا بولغانلىقتىن، بۇ يەردە بايان قىلىندى.

ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ھەزرىتى ئابباس — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — خۇدايىتائالا ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن بۇرۇن، بۈيۈك ئەرش سۇ ئۈستىدە ئىكەن. خۇدايىتائالا شامالنى «ئۆزۈڭنى سۇغا ئۇرغىن» دەپ پەرمان قىلغان، شامال ئۆزىنى سۇغا ئۇرغاندىن كېيىن سۇ ھەرىكەتلەنگەن، خۇدايىتائالانىڭ كامىل قۇدرىتى بىلەن شامال ئۈستىدە گۈمبەز مىسالى بىر تاش پەيدا بولغان، بۇ گۈمبەز مىدىرلاپ توختىمىغان، ھەممە تاغلارنى ياراتقاندىن كېيىن ئۇ مىدىرلاشتىن توختىغان.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

تاغلاردىن ئەڭ ئاۋۋال يارىتىلغىنى ئەبۇ قۇبەيس تېغىدۇر. زېمىننى خۇدايىتائالا ئۇنىڭ ئاستىدىن سۈرۈپ كەڭ ـ كۇشادە قىلغاندۇر. بەيتۇللا تۆت بۇرجەكلىكى ۋە يېگانىلىكىدىن كەئبە دەپ ئاتالغان. ئادەمنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىمۇ «كەئب» دېيىلىدۇ.

مەككىنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۈستىدىن ھېچبىر ئۇچارلىق ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ.

مەدىنەئى مۇنەۋۋەرە (ئاللا ئۇلۇغ قىلسۇن)

مەدىنە دەسلەپتە «يەسرىب» دېيىلەتتى. ھەزرىتى رەسۇلۇللا مەدىنە دەپ ئات قويغان. بۇ شەھەردە

خورما تولىدۇر. باغۇبوستانلىرى پاراۋان، هاۋاسى ناهايىتى ئىسسىق. شىمال تەرىپىدە ئۇھۇد تېغى بار.

**ئۈچىنچى ئىقلىم**

ئۇنىڭ چوڭ شەھەرلىرى 369، كىچىك شەھەرلىرى 3000. ئالتە چوڭ تاغ، ئىككى چوڭ دەريا بار. مەزكۇر چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىدەك:

ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەر ئەبرى قۇۋە، ئەرسۇق، ئەزەرغات، ئىسقى، ئىسكەندەرىيە، ئەشمىم، ئىستەخرى، ئەئمات، ئەنبا، ئەلفەتتا، ئەنكە، ئەھۋاز، ئىيلە قاتارلىقلار.

بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەر بابىل، بەر، بەم، بەرسا، بەردەت، بەرۋەن، بۇرۇزكۇھ، بۇست، بەسرۇجى، بەسرە، بەسراھى، بەئلىبەككە، بەغداد، بەل، بەھادىر، بەم، بەھەند، بەھكەرى، بەيتۇل مۇقەددەس، بەيزا قاتارلىقلاردۇر.

تە (ت) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن تەفلىس، تەبۇك، تىرمىز دېگەن شەھەرلەردۇر.

جىم (ج) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەر جەرجەد، جەرجەرا، جەرىزە، جەرت، جارەك، جەزفىت دېگەن شەھەرلەردۇر.

ھا (ح) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەر ھەلەب، ھۇللە، ھىمسە، ھەۋارىش دېگەن شەھەرلەر باردۇر.

دال (د) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن دارۇل بەھر، دەرئەش، دەرفادە، دەمەشق، دمىيات دېگەن شەھەرلەر باردۇر.

رە (ر) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن رەجەھ، رەسەد، رىققە، رەملە، روستان دېگەن شەھەرلەر بار.

زە (ز) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن زابىل، زەرەنج دېگەن شەھەرلەر بار.

سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن سامەرە، سەبزجان، سەدسان، سەدتا، سەتىل، سەلاد، سەلت، سەلتە، سوسان. سەمۇبىن، سەنق، سەۋسەن، سويەك، سىيالكوت، سايران، سەيلە، سىيۇسە قاتارلىق شەھەرلەر بار.

شىن (ش) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن شىرران، شىراز دېگەن شەھەرلەر بار.

ساد (ض) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن سەرسەر، سەفايىش، سىنق دېگەن شەھەرلەر بار.

ئىتقى(ط) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن تەرابلىس، تەبرىيە، تەرەر، تەيب دېگەن شەھەرلەر بار.

ئىزغى (ظ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن زۇلۇما دېگەن شەھەر بار.

ئەين (ع) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ئاملىس، ئەببادان، ئەجلۇن، ئەداس، ئەرەفە، ئەساكىر، ئەتاسۇن، ئەكرا، ئەممان، ئەينۇش شەمس دېگەن شەھەرلەر بار.

غەين (غ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن غەزنە بار.

فا (ف) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن فارىس، فەردار قاتارلىقلار بار.

قاف (ق) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن قەبزە، قەنوم، قەرلۇت، قۇستاتا، قۇستەنتەنىيە، قۇمۇس سۇلھ، قەندەھار، قىرۋان دېگەن شەھەرلەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن كابۇل، كەردەر، كەرك، كىرمان، كەلۇ، كەنازرۇن، كەۋاشىر، كۇفە، كوكەج، كەمران دېگەن شەھەرلەر بار.

لام (ل) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن لاھور، لور دېگەن شەھەرلەر بار.

مىم (م) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ماجە، مائجۇنە، ماقار، مانىياس، مادلا، مايىسرىنب، مەھلە، مەدايىن، مەدىەن، مەراكەش، مىسىر، مۇلتان، مەلس، مىنبەرەين، مەنت، مەجرۇن، مەۋسۇل، مەھدىيىە، مەھراج، مەھراۋەر، مەھلىستان دېگەن شەھەرلەر بار.

نۇن (ن) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن نافىز، نۇئمانىيىە، نەھرىۋان دېگەن شەھەرلەر بار.

ۋاۋ (ۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ۋاسىت دېگەن شەھەر بار.

ھا (ھ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ھەرزان دېگەن شەھەر بار.

يا (ي) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن يەزىد، يەسار، يۇنس دېگەن شەھەرلەر بار.

ئىسكەندەرىيە شەھرى بۇ شەھەرنى ئىسكەندەر رۇمى بىنا قىلغاندۇر. ئۇ شاھمات (شەترەنج) تاختىسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ھاۋاسى ئىسسىققا مايىلدۇر. سۈيى نىل دەيارسىنىڭ سۈيىدۇر. بۇ شەھەرگە يېقىن ناھايىتى ئېگىز بىر قەلئە بولۇپ، ئۈستىگە بىلىناس ھاكىم ئىسكەندەرنىڭ پەرمانى بىلەن ئىنتايىن ئېگىز مۇنار ياسىغان. ئۈستىگە يەتتە گەز ئېگىزلىكتە ئون مىل كېلىدىغان ئەينەكنى تىلسىم بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان. پەرەڭلەردىن كىمكى پەرەڭ دەرياسى يۈزى بىلەن قوستەنىيە تەرەپتىن كېلىپ ئىسكەندەرىيەدىن ئۆتسە، كېمىلەر ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئەمرۇ بىننى ئاس ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ ئىسكەندەرىيەگە ھاكىم بولغان زامانغىچە بۇ ئەينەك بار ئىدى. ئەھلى ئىسلام بۇ ئەينەككە قاراپ پەرەڭلەرنىڭ قىلغان ھەممە ھەرىكەتلىرىدىن ئاگاھ بولۇپ تۇراتتى. ئەھلى پەرەڭلەر تەۋقىسلىقتا قېلىپ، ئىسلام ئەھلىدىن قورقۇپ كېچىلىرى خاتىرجەم ئارام ئالالمايتتى. ئاخىر پەرەڭلەرنىڭ كاتتىباشلىرى كېلىشىپ، ئارىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى زاھىت قىياپىتىدە ياساپ ئىسكەندەرىيەگە ئەۋەتكەن. ئىسكەندەرىيە خەلقىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۇلارنىڭ زاھىتلىقىغا ئىشەنچ پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ زاھىت بولۇۋالغان پەرەڭلەر ئىسكەندەر ئەينىكىنىڭ كەينىگە تىلسىم بىلەن غايەت زور مىقداردىكى بايلىقنى يوشۇرۇپ قويغانمىش دېگەن سۆزنى تارقاتقان، ئەمرۇ بىننى ئاس ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ بايلىق تەمەسىدە قول ئاستىدىكىلەرنى ئەينەكنى ئاجرىتىپ قاراپ بېقىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار كۆتۈرۈپ قاراپ باقسا، ئۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەينەكنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويغان. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئەينەكنىڭ دەسلەپكى خاسىيىتى يوقالغان ۋە پەرەڭلەر قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان. ئەمرۇ بىننى ئاس ئۇلارنىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان يېگەن. غەم ـ غۇسسەدىن كېسەل بولۇپ، شۇ كېسەللىكى بىلەن ۋاپات بولغان.

دەمەشق شەھرى دەمەشق شامنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بولۇپ، تارىخى ناھايىتى ئۇزۇندۇر. پاكىز، يېقىشلىق ۋىلايەتتۇر. دەسلەپتە ئىرەم بىن سام بىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇ شەھەرنىڭ چېگراسىنى پەيدا قىلغان. كېيىن شەدداد بىننى ئاد ئۇ يەردە بېھىشنىڭ نەمۇنىسىنى پەرەز قىلىپ «ئىرەمە زاتىل ئىماد» (تۈرۈكلۈك ئىرەم) دەپ ئاتىغان. ئاللانىڭ «ئىرەمە زاتىل ئىمادىللەتى لەم يۇخلەق مىسلۇھا فىل بىلاد» دېگەن ئايىتى شۇنى كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەر دەمەشق شەھرىنى پەيدا قىلىپ خاراب بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر رۇمى قايتا ئاۋات قىلغان. ئۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىققا مايىل.

دەمەشق جامەسىدە بىر توپ پەيغەمبەر خاتىرجەم ھالدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان. ۋەلىد بىننى ئابدۇل مەلىك پادىشاھ بولغان زامانلاردا مەزكۇر جامەنى غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ قايتا ياسىغان.

دەمەشقتە بىر تاغ بار، ئۇنىڭدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قابىل ھابىلنى شۇ يەردە قەتل قىلغانىكەن. ھازىرغىچە ئۇ يەردە قان ئىزى بار

ئىكەن. 40 پەيغەمبەر بۇ ئۆڭكۈردە ئىبادەت قىلىپ ئاچلىقتىن ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن «مەغارۇل جۇئ» (ئاچلىق ئۆڭكۈرى) دەپ ئاتالغان.

شىراز شەھىرى بۇ شەھەرنى ھەججاج بىننى يۇسۇف سەقەفىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىننى قاسىم سەقەفى بىنا قىلغان. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 74 ـ يىلى ئەزۇدۇد دەۋلە دەيلەمىينىڭ سەلتەنىتى زامانىسىدا شۇنداق ئاۋات بولغانكى، لەشكەرلەر تۇرغۇدەك يەر قالمىغان. خەلىپە سەمسامۇد دەۋلەنىڭ زامانىسىدا دۈشمەنىنىڭ قورقۇنچىدىن شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سېلىنغان. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى يېقىشلىق، گۈللۈك، گۈزەل باغلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. خەلقى ھەممىشە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇلدۇر. غېرىب ـ غۇرۋالار ئۇ يەردىن تېز كېتىدۇ. ئۇ يەرنىڭ سۇلىرى كارىزدىن كېلىدۇ. كارىزلارنى خەلىپە رۇكنۇد دەۋلە قازدۇرغان. ئۇ يەرلەر «رۇكن ئاباد» دېيىلىدۇ.

سامىرە شەھىرى سامىرە قەدىمكى چوڭ شەھەر بولۇپ، سۇيى ۋە ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقى جەھەتتە پۈتۈن ئەرەب زېمىنلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. دەسلەپتە خەلىپە دەۋلەت ئالى ئاببas خاراب قىلغان. خەلىپىلىك مۇئتەسەم بىللاھ ئاببasىيغا يەتكەندە تۈركلەردىن نۇرغۇن خىزمەتچىلەرنى سېتىۋېلىپ تېخىمۇ پۇختا قىلىپ قايتا قۇرغان ۋە ئاۋاتلاشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەر ھەممە پادىشاھلارنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ شەھەر شۇنداق ئاۋات بولدىكى، ئىمارەتلەرنىڭ تولىلىقىدىن ھەر بىر قورۇلۇشنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە پەرسەڭ، كەڭلىكى بىر پەرسەڭ ئىدى. مۇئتەسەم بىللاھنىڭ پەرمانى بىلەن بىر مەسچىت سېلىنغان. ناھايىتى ئېگىز ۋە ئازادە، تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغانىدى. ھەر تەرىپى 23 گەز، ئېگىزلىكى يەتتە گەز ئىدى.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**تۆتىنچى ئىقلىم**

چوڭ شەھەرلىرى 215، كىچىك شەھەرلىرى 14 مىڭدۇر. بەش چوڭ تاغ، 22 دەريا بار. مەشھۇر شەھەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ئەبھەر، ئەبىۋز، ئەرجىكىس، ئەردىبىل، ئەرمىنە، ئاستەرئاباد، ئىسفەراين، ئەسنەبلىيە، ئۇشنايان، ئەلمەۋت، ئەماس، ئەنىشە، ئەنتاكىيە، ئەندراب، ئوجان، ئوتتە دېگەن شەھەرلەر بار.

بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن بادغىس، باميان، بەججە، بەدلىس، بەرزەندجىلە، بەرئار، بەردماس، بەئلىبەككە، بەلخ، بەلتەۋى دېگەن شەھەرلەر بار.

تە (ت) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن تەبىز، تەرس، تىئراز، تەلئەقر دېگەن شەھەرلەر بار.

جىم (ج) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن جىلە، جەزىرەئى ئۇدنىس، جەزىرەئى سامىس، جەزىرەئى قۇبىرىس، جەزىرەئى مالىيە، جەلۇلە دېگەن شەھەرلەر بار.

ھا (ح) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن ھارم، ھەدىسە، ھەيران، ھەسىين دېگەن شەھەرلەر بار.

خا (خ) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن خافقىين، خانىغ، خىزىر خۇي دېگەن شەھەرلەر بار.

دال (د) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن دەرەنجاد، دەيلەن، دەينۇرۇس دېگەن شەھەرلەر بار.

رە (ر) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن رەھىيە، رەساق، رىقە، رەدان دېگەن شەھەرلەر بار.

سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن سالۇس، سانە، ساۋە، سەبزەۋار، سەرخىد، سەرقەندكار، سەرە، سەرەس، سەراد، سەرۋەج، سەرۋاز، سەسئەر، سەفرەت، سەكرە، سەلامىيە، سەلماس،

سەلادىر، سەمجىيان، سەن، سىنە دېگەن شەھەرلەر بار.

شىن (ش) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن شەمشاد، شوما، شەھرىئىزار، شەھرىستان، شەھرىنۇر دېگەن شەھەرلەر بار.

ساد (ص) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن سەئلەبىيە، سەيھۇن دېگەن شەھەرلەر بار.

تا (ط) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن تالقان، تىرابلوس، تەراتاس، تۇس دېگەن شەھەرلەر بار.

ئەين (ع) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ئەرەفە، ئەرەفات، ئەينى رويە، ئەينى غانە، غەرجىستان، غور دېگەن شەھەرلەر بار.

فا (ف) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن فارياب، فەنادىيان دېگەن شەھەرلەر بار.

قاف (ق) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن قائىدە، قالتقا، قامىيىە، قەبباد، قۇرتۇب، قەرمىن، قەزۋىن، قەشرىن، قەسرى ئەھمەد، قەسرى شىرىن، قەلئەتور رۇم، قەلئەئى خەزران، قۇم، قوقا، قومىش، قوشەنج دېگەن شەھەرلەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن كۇردكۇ، كەرك، كەرۋەخ، كەفەرتاب، كەفەريۇنان، كەنئا دېگەن شەھەرلەر بار.

لام (ل) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن لارقىيە، لەئشۇر، لەۋارىنج، لورجان، لەنكوتە دېگەن شەھەرلەر بار.

مىم (م) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن مارىب، ماردىن، مارۋان، ماكسىن، مالىن، مان نەترۋا، ماۋەرايى رود، مەربە، مۇرتەد، مۇرئىش، مەرەقە، مەرۋى شاھجاھان، مەستەشە، مەسەررە، مەسىھ، مەشھەد، مەسىسە، مەئەررە، مەكرىيىە، مەلىيىنە، مەل، مەنسۇرە، موقان، مەيافارقىن دېگەن شەھەرلەر بار.

نۇن (ن) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن نەدداد، نىسا، نەسىبىن، نۇرنىيە، نەھاۋەند، نەھنايان، نىشاپۇر، نىل مەراغە ۋەساتان، ناك دېگەن شەھەرلەر بار.

ھا (ھ) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ھىرات، ھەمەدان، ھەمدۇن، ھوكرەماشاھان دېگەن شەھەرلەر بار.

تەبرىز شەھرى تەبرىز ئەزەربەيجاننىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بولۇپ، ھارۇن رەشىدنىڭ ئاغىچىسى زۇبەيدە خاتۇن بىنا قىلغان. مۇتەۋەككىل ئەبباسىنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىدا يەر قاتتىق تەۋرەپ خاراب بولغان. قائىم لىئەمرىللاھنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىغا كەلگەندە، مەمۇر ۋە ئاۋات بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ زامانىسىدا پايتەخت بولغان ۋە بۇرۇنقىدىن كۆپ ئىمارەتلەر سېلىنغان. بۇ شەھەردە باغلار تولا، مېۋىلىرى ياخشى. ھاۋاسى سوغۇققا مايىل، سۈيى ياراشلىق، كارىزلار تولا. بازار خەلقىنىڭ تولىسى ئەپيۇنكەش. خەلقى ھۇرۇن ۋە بوشاڭلىقىدىن ئەتىگەندە ئارغىماققا چىرايلىق توقۇم توقۇپ ئېلىپ بارسىمۇ كىشىگە دەشنام بېرىدۇ. ناماز پېشىندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دۇمبىلىرىگە توقۇم توقۇسىمۇ تۇرلۇك تەكەللۇپلار ۋە خۇشامەتلەرنى قىلىدۇ. پۇقرالىرى كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، ھەممىسى تېرىقچىلىق قىلىدۇ. تەبرىز خەلقىنىڭ رەڭگى ئاق، تەكەببۇر بولۇپ، باشقا ئەل خەلقلىرى بىلەن چىقىشمايدۇ.

نىشاپۇر شەھرى قەدىمىي شەھەر، ئۇ خۇراسان شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىيسىدۇر. ئۇنى شاھ تەھمۇرەس دىيۋەبەند بىنا قىلغان. خاراب بولغاندىن كېيىن شاھ ئەردشىر بابەك يېڭىلاپ ئىمارەتلەرنى بىنا قىلغان. تارىخقا 605 بولغاندا بۇ شەھەر يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولۇپ، يەنە قايتىدىن ئىمارەتلەر سېلىنغانىكەن. ئۇنىڭ سۈيى تاغدىن كېلىدۇ. شەھەردىن بىر پەرسەڭ يىراقلىقتىكى جايدا بىر تۈگمەن بولۇپ، ناھايىتى ھەيران قالارلىق ئىكەن، يەنە بىر تاغار بۇغداينى تۈككەندىن كېيىن، ئىككىنچى تاغار

بۇغداينى تۆكۈپ بولغۇچە دەسلەپكى بۇغداينى ئۇن قىلىپ چىقىرىپ بولىدىكەن.

بادئىس شەھرى زېمىنى ناھايىتى كەڭ ـ كۇشادە، ئېقىن سۇلىرى ناھايىتى كۆپ، مەھسۇلاتى ئىنتايىن مول، ھاۋاسى سوغۇققا مايىل شەھەر. قەلئەسى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۈستىدىن ئۆتۈشكە ئۇچارلىقمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر باياۋان بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىك، ئۇزۇنلۇقلىرى نامەلۇم. ئۇنىڭ ھەممىسى پىستە دەرىخىدۇر. خالايىق پىستىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىشىدۇ. بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد سەبۇكتېگىن شۇ تەرەپلەردە شىكار قىلىۋېتىپ، توساتتىن لەشكىرىدىن ئايرىلىپ بىر موماينىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ قالدى. بۇ ئايالنىڭ بىر ئوتتۇنچى ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇ يەرگە ئارام ئالغىلى كەلدى. موماي ئوغلىغا: «ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى، بىر ئوغلاق تۇتۇپ كەلگىن، زىياپەت بېرەيلى» دېدى. ئوغۇل ئانىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئوغلاق تۇتۇپ كېلىپ بوغۇزلىدى. موماي ئاش تەييارلاپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. پادىشاھ ناھايىتى شاد ـ خۇرام بولدى. بىردەمدىن كېيىن پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىنى بايقىدى. پادىشاھ ئېتىغا مىنىۋېتىپ مومايغا: «مەن بۇ مەملىكەتنىڭ ھاكىمى بولىمەن، ئوغلىڭىزنى ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتىڭ، بەرگەن زىياپىتىڭىزگە شاھانە ئىلتىپاتلار قىلغايمەن» دېدى. پادىشاھ لەشكەرگاھىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىشىكباقارلىرى ۋە ياساۋۇللىرىغا: « پالانى شەكىلدە بىر ئوغۇل مېنى ئىزدەپ كەلسە، دەرگاھىمغا ئېلىپ كىرىڭلار» دېدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە موماي ئوغلىغا: «پادىشاھ سۇلتان مەھمۇدنىڭ خىزمەتلىرىگە بارغىن» دېدى. ئوغۇل سۇلتاننىڭ بارگاھىغا كېلىۋىدى، مۇلازىملىرى: «بىردەم ساقلاپ تۇرغىن، سۇلتان ھازىر ۋەردى ـ ۋەزىپىلىرىنى (بەلگىلىگەن دۇئالىرىنى) ئوقۇپ، ھاجەتلىرىنى تەڭرى دەرگاھىغا ئەرز قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، شۇ ئىشتىن بىكار بولسا سېنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىمىز» دېدى. بۇ چاغدا ئوغۇل: «شۇنچە شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھ ھاجەتلىرىنى تىلەپ دەرگاھى ھەققە يۈزلەنسە، ماڭا ئەڭ مۇناسىپى خەلقتىن تەمەيىمنى ئۈزۈپ، ھاجەت قولۇمنى بارگاھى ئىززەتكە (غالىب دەرگاھقا) ئۇزىتىش ئىكەن» دەپ دەرھال ياندى. ئانىسىغا بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى ۋە كەكىسىنى قولىغا ئېلىپ چۆل تەرەپكە راۋان بولدى. ئوتۇن كېسىۋاتقان ھالىتىدە كەكىسى بىر تاشقا تەگدى. تىرىشىپ، تىرمىشىپ تاشنى قومۇرۇۋىدى، ئاستىدىن چوڭ خەزىنە چىقتى. دەرھال ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىشنى ئانىسىغا بايان قىلدى. ئانىسى: «ئوغلۇم، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىش لازىمدۇر، پادىشاھ نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قوبۇل قىلغىن» دېدى. ئوغۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقات بولۇۋىدى، پادىشاھ: «بىز سېنى كۈتۈۋاتقىلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى، نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كېچىكسەن؟» دېدى. ئوغۇل بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىۋىدى، پادىشاھ ئاڭلاپ كۆپ كۆز يېشى قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەملىرىگە: «ئۇ خەزىنىنى ئېلىپ بېرىپ مومايغا تاپشۇرۇڭلار» دەپ پەرمان قىلدى. ئۇلار خەزىنىنى مومايغا تاپشۇردى. موماي بۇ خەزىنە بىلەن كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدى.

**بەشىنچى ئىقلىم**

بۇ ئىقلىمنىڭ چوڭ شەھەرلىرى 215، كىچىك شەھەرلىرى 2700 دۇر. 30 چوڭ تاغ، 30 چوڭ دەريا بار. چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ:

ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ئەخلات، ئەرزەن، ئەررۇم، ئەرنىھەن، ئەشرۇن، ئەفراد، ئەنكورىيىە، ئەيلاق دېگەن شەھەرلەر بار.

بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن بۇخارا، بەشۇرى، باركەند، بەيلەقان، بىسرويە دېگەن شەھەرلەر

بار.

تە (ت) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن تەفلەس، تەفلىيس دېگەن شەھەرلەر بار.

جىم (ج) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن چاچ، جۇرجانىيە دېگەن شەھەرلەر بار.

ھا (ح) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ھەرازىبە، ھەۋاقىيە دېگەن شەھەرلەر بار.

خا (خ) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن خوجەند، خوتەن دېگەن شەھەرلەر بار.

دال (د) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن دەز دېگەن شەھەر بار.

را (ر) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن راھەن، رەنمەك، رويىن دېگەن شەھەرلەر بار.

زا (ز) ھەرپى بىلەن باشلانغان شەھەرلەردىن زەمەخشەر دېگەن شەھەر بار.

سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن سايان، سەرمىغان، سېرىرۇل مىلان، سەغەد، سەلمۇرە، سەمەرقەند، سوس، سىۋاس دېگەن شەھەرلەر بار.

شىن (ش) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن شاش دېگەن شەھەر بار.

تا (ط) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن تەۋابىس دېگەن شەھەر بار.

ئەين (ع) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ئەككە، ئەمۇرىيە دېگەن شەھەرلەر بار.

قاف (ق) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن قەرئانە، قەيسەرىيە دېگەن شەھەرلەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن كات، كەركەنج، كەرائى، كەرمىيە، كەش، كەناتبە، كەتاب، كەنجە دېگەن شەھەرلەر بار.

لام (ل) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن لوبىيە دېگەن شەھەر بار.

مىم (م) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ماقەند، مەكنەت دېگەن شەھەرلەر بار.

نۇن (ن) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن نەخشەب دېگەن شەھەر بار.

ۋاۋ (ۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ۋەنبە دېگەن شەھەر بار.

يا (ي) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن يوفات دېگەن شەھەر بار.

سەمەرقەند شەھرى سەمەرقەند ماۋەرائۇننەھرنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن. بۇ شەھەر پايتەخت. جەنۇب تەرىپىدە كۆپ باغلار بار. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرنىڭ بېھىسى ئەڭ ياخشى. ھايۋاناتلارنىڭ باھاسى ئەرزان. پەزىلەتلىك ئۆلىمالار ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كانىدۇر. بەزى كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئىلگىرى سەمەرقەندنىڭ ئورنىدا بىر قەلئە بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق ئىكەن. ئۇزۇنلۇقى 50 ماڭدام ئىكەن. ئۇزاق زامانلار جەريانىدا ۋەيران بولغان، قالغان بەزى ئىمارەتلىرىمۇ كېيىنكى يەر تەۋرەشلەردە ۋەيران بولغان. پادىشاھ كىشتاسىپ ئۇ جايغا يېتىپ بېرىپ پادىشاھلىق قىلغاندا خارابىلىكتىن چەكسىز خەزىنىلەرنى تاپقان. كىشتاسىپ پادىشاھ ئۇ يەرگە يەنە قەلئە سېلىپ، ئىمارەتلەرنى ئاۋات قىلغان. يەنە ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ۋەيران بولۇپ كەتكەن. كىشتاسىپ پادىشاھ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئاۋات قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر رۇمى ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ شەھەر بىنا قىلغان. سەمەرنانى تائىپىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئىسكەندەر رۇمىغا ئاداۋەت تۇتۇپ ئۇ شەھەرنى ۋەيران قىلغان. ئۇ پادىشاھلار يەنە شۇ نامدا ناھايىتى چوڭ شەھەر بىنا قىلىپ ئىسمىنى سەمەركەند دەپ ئاتىغان. ئۇنى ئەرەبچە سەمەرقەند دەپ ئاتاشقان.

بۇخارا شەھرى بۇ شەھەر ناھايىتى ئاۋات. ھەممە تەرىپى باغۇ بوستانلار، ئەتراپى ئاۋاتتۇر. ماۋەرائۇننەھردە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر شەھەر يوقتۇر. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىناكارلىققا ناھايىتى تىرىشىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سېلىنغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 12

پەرسەڭ كېلەتتى. ئۇ يەردە مېۋە، ئاشلىقلار ھەمىشە ئەرزان بولىدۇ. ئۇ شەھەر پەزىلەتلىك كىشىلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ كانى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئىسلام ھۆكۈمالىرى ئۆلىمالىرى ۋە مۇجتەھىدلەر تولىدۇر.

خارەزم شەھرى ئۇ بىرقانچە ۋىلايەتنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ دىيارنىڭ پايتەختى گۆرگەنجى كۇبرادۇر. ھازىر خارەزم دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ شەھەرگە قاراشلىق كەنتلەر ناھايىتى تولا. بىرى گۆرگەنجى سوغرا بولۇپ، جورجانىييە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر قاراشلىق كەنتى زەمەخشەردۇر. «تەفسىرى كەششاف»نىڭ مۇسەننىفى ھەزرىتى ئەبۇل قاسىم مۇھەممەد شۇ يەردىن، يەنە ھەزرىتى شەيخ نەجمۇددىننىڭ خانىقالىرىمۇ شۇ يەردىدۇر. سۇلتان مەھمۇد خارەزم شاھنىڭ زامانلىرىدا بۇ ۋىلايەت ناھايىتى ئاۋات بولغان.

قونىيە شەھرى بۇ ئۇلۇغ ھەم چوڭ شەھەردۇر. قىلىنچ ئارسلانخان ئۇ يەردە تاشتىن بىر قەلئە بىنا قىلغان. سۇلتان ئەلائۇددىن كەيقۇبان سەلجۇقى بۇ شەھەرنىڭ كەخمىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى 20 گەزگە يەتكۈزۈپ تاشتىن قوپۇرۇپ چىقارغان. ئەتراپىغا يەنە سېپىل سالدۇرغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1000 ماڭدامدىن ئارتۇقراق ئىدى. بۇ شەھەردە تولا ئىمارەتلەر ۋە قەسىرلەر باردۇر. 12 دەۋازىسى بار، ھەر دەراۋزىنىڭ بېشىغا راۋاقلار سېلىنغان. شەھەرنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل. چىقىمى ۋە مەھسۇلاتى ناھايىتى تولا. باغۇ بوستانلىرىنىڭ مېۋىلىرى، ئۈزۈم، ئۆرۈكلىرى ناھايىتى شېرىندۇر. ھەزرىتى مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ــ ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ مازارلىرى شۇ دىياردا. ئۇنىڭ ئېتىزلىرى ۋە باغلىرى تاغ ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىرمۇ ئاۋات. چۆل ئەتراپىدىكى كەنتلىرى خاراب بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىزناسى ھازىرمۇ بار.

رۇم شەھرى رۇم چوڭ شەھەر بولۇپ، ناھايىتى ئاۋاتتۇر. تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان. ئەلائۇددىن كەيقۇبات سەلجۇقى رۇم قەلئەسىنى مىس، قەلەي ۋە تاشتىن قوپۇرۇپ ياساپ چىققان. «مەجمەئۇل ـ بۇلدان» (مەملىكەتلەر مەجمۇئەسى) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، ھېكىم بەلناس بۇ شەھەردە پادشاھ قەيسەر ئۈچۈن بىر ھامام سالغان. ئۇنىڭ ھېكمىتىدىن ھامام بىر چىراغنىڭ ئوتى بىلەن ئىسسىيدىكەن. ئۇ يەردە بىر جاي بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئەلى ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خەلىپە مۇھەممەد بىننى ئابدۇللانىڭ جايى. كىشىلەر ئۇ يەرنى تەۋەررۇك بىلىپ زىيارەت قىلىشىدۇ. رۇمنىڭ ئاجايىباتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ.

## ئالتىنچى ئىقلىم

بۇ ئىقلىمنىڭ چوڭ شەھەرلىرى 240، كىچىك شەھەرلىرى 2022 دۇر، ئېگىز تاغ، 30 چوڭ دەريا بار. مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ئاس، ئىسفىنجاب، ئەسرەر، ئەفلىيون، ئىلھاق، ئەناسىيە دېگەن شەھەرلەر بار.

بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن بابۇل ئەبۋاب، بەرشان، بەلس دېگەن شەھەرلەر بار.

جىم (ج) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن جەزىرەئى سەناكۇ بار.

دال (د) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن دارۇل مەلى سەناكۇ دېگەن شەھەر بار.

رە (ر) ھەرپلىرى بىلەن باشلانغانلىرىدىن رومىييە بار

سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن سەئىين، سەمەند، سەنات، سىيۇت دېگەن شەھەرلەر بار.

ساد (ص) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن سەدقىييە دېگەن شەھەر بار.

تا (ط) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن تەراز دېگەن شەھەر بار.

فا (ف) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن فاراب دېگەن شەھەر بار.

قاف (ق) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن قەھنار، قەريە، قۇستەنتىنىيە دېگەن شەھەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن كاشغەر دېگەن شەھەر بار.

مىم (م) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن مالىغ، مەدىنەئى جەزرە، مەرۋەلە دېگەن شەھەرلەر بار.

ھا (ھ) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ھىرەقلە، ھەززە دېگەن شەھەرلەر بار.

فاراب شەھىرى فاراب بىر ۋىلايەتنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ شەھىرى «گۇزەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېتىزلىرى كەڭرى. كىتابنىڭ ئاپتورى «فاراب شاش دېگەن شەھەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە. شاغۇنىنىڭ شەھەرلىرىگە يېقىن. فاراب خەلقىنىڭ ھەممىسى شاپىئى مەزھەپتىدۇر» دەيدۇ.

تىراز شەھىرى بۇ تۈركىستاننىڭ ئەڭ مەشھۇر شەھىرى. ئۇ يەردە كۆپ ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان. ئەتراپىدا شەھەرلەر تولا.

چىگىل شەھىرى تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاۋات شەھىرى، خەلقى ناھايىتى گۈزەل ۋە يېقىملىق.

كاشغەر «لۇباب» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بۇ شەھەردە بىر توپ ئۆلىمالار يېتىشكەن. ئۇ يەردە ئەقلىي ۋە نەقلىي ئىلىملەر كۆپ زاھىر بولغان.

قۇستەنتەنىيە قۇستەنتەنىيە چوڭ شەھەردۇر. ئۈچ تەرىپىنى دەريا ئىھاتە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. يەنە بىر كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر گەزدۇر. ئۇنىڭدا قەدىمدىن بۇيان ناسارا (خىرىستىيان)لار غالىب ئورۇندا تۇرغان. سۇلتان مەھمۇد رۇمى بۇ شەھەرگە كۆپ قېتىم غازات قىلغان. بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. ئەمما، سۇلتان مەھمۇد رۇمى تەلىيى ۋە زور كۈچى بىلەن ئۇنى ئىشغال قىلغان.

ئەماسىيە شەھىرى رۇم شەھەرلىرىنىڭ بىرى، زېمىنى ناھايىتى كەڭ، قەلئەلىرى ئېگىز، دەريالىرى كۆپ، ئوتتۇرىسىدىن دەريا ئېقىپ تۇرىدۇ.

**يەتتىنچى ئىقلىم**

ئۇنىڭ چوڭ شەھەرلىرى 150، كىچىك شەھەرلىرى 1000دۇر. ئىككى چوڭ تاغ، 49 چوڭ دەريا بار. ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى تۆۋەندىكىلەر:

ئەلىف (ا) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن ئىچكىل دېگەن شەھەر بار.

بە (ب) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن بۇلغار دېگەن شەھەر بار.

دال (د) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن دىيارى يەجۇج ۋە مەجۇج دېگەن شەھەرلەر بار.

رە (ر) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن راق دېگەن شەھەر بار.

سىن (س) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن سەراي، ساقچى، سەۋار دېگەن شەھەرلەر بار.

شىن (ش) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن شەبا دېگەن شەھەر بار.

ساد (ص) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن سارى، سەدا، سەلقا، سەۋادىق دېگەن شەھەرلەر بار.

تا (ط) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن تەرقۇر، تالاس دېگەن شەھەرلەر بار.

كاف (ك) ھەرپى بىلەن باشلانغانلىرىدىن كەركەس، كىرمان دېگەن شەھەرلەر بار.

كەفار شەھىرى ئۇ دەريايى مۇھىتنىڭ بويىغا جايلاشقان. يەجۇج ۋە مەجۇج شەھەرلىرى ئۇنىڭدا. زېمىنى

ۋە چۆللىرى كەڭرى. ئۇنىڭ بېشىدا بىر شەھەر بولۇپ، ناھايىتى پۇختا سېلىنغان. ئىسكەندەر سېپىلى شۇ يەردە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇلغار شەھىرى شۇ شەھەرنىڭ زېمىنىدا ئىكەن. ئۇنىڭ ئىمارەتلىرى ناھايىتى كۆپ ھەم ئېگىزدۇر. ئىتىل دەرياسىغا يېقىن.

بۇلغار شەھرى بۇلغار شەھىرى بىلەن سەراي شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 20 مەنزىل يولدۇر، خەلقى ھەنەفى (ئىمامى ئەزەم) مەزھىپىدىدۇر. زېمىنىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئۇ يەردە مېۋىلىك دەرەخلەر بولمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە ياز كۈنلىرىنىڭ باشلىرىدا شەپەق غايىب بولماي تۇرۇپلا تاڭ يورۇپ كېتىدىكەن.

قەرقەرە شەھرى بۇ شەھەر مۇستەھكەم تاغ ئۈستىگە جايلاشقاندۇر. بۇ تاغنىڭ ئۈستى شۇ شەھەر خەلقى سىغقۇدەك دەرىجىدە كەڭرى. «قەرقەرە» دېگەن بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا «قىرىق ئەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەھەر تاتار مەملىكىتىنىڭ شىمال تەرىپىدە.

سەۋادىق شەھرى بۇ شەھەر تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، خەلقى مۇسۇلمان. ئۇنىڭدا سودىگەرلەر كۆپ. قۇستەنتەنىيەگە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن 20 كۈندە بارغىلى بولىدۇ.

شەقتاقۇ شەھرى بۇ ناھايىتى چوڭ شەھەر بولۇپ، ئادەملىرى تولا. ئۇنىڭ بىلەن مۇھىت دېڭىزى ئارىلىقى بىر كۈنلۈك يول. ئەتراپىدا شەھەرلەر كۆپ. سۈيى شەرق تەرەپتىكى تاغدىن كېلىدۇ.

## رۇبئى مەسكۇن (زېمىننىڭ ئاۋات تۆتتىن بىرى)دىكى ۋىلايەتلەرنىڭ بايانى

مەشھۇرلىرى 61 ۋىلايەت.

بىرىنچىسى مەغرىب ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا 30 شەھەر بار. پايتەختلىرى بىلسان، ۋەھۇس قاتارلىقلار. شەرقىي چېگراسى مىسىر شەھىرى، شىمالىي چېگراسى رۇم دېڭىزى، غەربىي چېگراسى دەريايى مۇھىت (ئوكيان)، جەنۇبىي چېگراسى سۇدان.

ئىككىنچىسى ئەندەلس ۋىلايىتى. ئۇنىڭ 23 شەھىرى بار. پايتەختلىرى ئەسلەمىم ۋە قەرتىبىيە. كۆپ قىسمى ناسارا (خىرىستىيان)لارنىڭ قولىدا. مەغرىب شەھەرلىرىگە تەۋەدۇر.

ئۈچىنچىسى سۇدان ۋىلايىتى. ئۇنىڭ 11 شەھىرى بار. پايتەختى جۇرجى. ئەندەلسنىڭ شەرق تەرىپىدە.

تۆتىنچىسى بەربەر ۋىلايىتى. ئۇ ئۈچ شەھەر. چوڭراقى قىلىش شەھىرى. 13 دەرۋازىسى بار، ھەر بىر دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى بىر پەرسەڭ يول.

بەشىنچىسى ...... ۋىلايىتى (ئەسلىي ئەسەردە مەزمۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمىدى — ت.) ئۇنىڭدا 22 شەھەر بار. چوڭ شەھەرلىرى ھەزىرمۇت بىلەن سەفا. كەرەملىك مەككىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە.

ئالتىنچىسى ئۇممان ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا ئۈچ شەھەر بار. كەرەملىك مەككىنىڭ شەرق تەرىپىدە، جەنۇب تەرەپكە مايىلدۇر. ئۇممان دەرياسىنىڭ بويىدا.

يەتتىنچىسى زەنجى ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا بەش شەھەر بار. چوڭراقى رەغاۋە شەھىرى. خەتتى ئۇستەۋا (ئېكۋاتور سىزىقى)نىڭ جەنۇب تەرىپىدە.

سەككىزىنچىسى ھەبەش ۋىلايىتى. تۆت شەھىرى بار. چوڭراقى رەبىئ شەھىرى بولۇپ، ناھايىتى ئاۋات.

ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق. قۇياش ھەمەل بۇرجىنىڭ ئاخىرى، مىزان بۇرجىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، مىس قاچىغا سۇ ئېلىپ قويۇپ قويۇلسا قايناپ تۇرىدۇ.

توققۇزىنچىسى فەرىقە ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا 12 شەھەر بار. چوڭراقى نەقلە شەھىرى.

ئونىنچىسى نەھرىۋان ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا توققۇز شەھەر بار.

ئون بىرىنچىسى مىسىر ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا 27 شەھەر بار. شەرق تەرىپى قەسرە شەھىرى. شىمال تەرىپى رۇم شەھىرى. پايتەختى قۇستات شەھىرى. بۇ ۋىلايەت ناھايىتى ئاۋات. ئۆلىمالىرى ۋە پەزىلەتلىك كىشىلىرى كۆپ.

ئون ئىككىنچىسى شام ۋىلايىتى. ئۇنىڭدا 17 شەھەر بار. پايتەختى بەئلىبەككە، ھەلەب ۋە دەمەشقتۇر.

ئون ئۈچىنچىسى ھىمس ۋىلايىتى. ئۇنىڭ تۆت شەھىرى بار.

ئون تۆتىنچىسى پەلەستىن ۋىلايىتى. يەتتە شەھىرى بار. چوڭراقى بەيتۇل مۇقەددەس، قىيسارىييە شەھەرلىرىدۇر.

ئون بەشىنچىسى مىسىر ۋىلايىتى. 40 شەھىرى باردۇر. چوڭراقى ئەنتاكىيە، ئەرزەھەررۇم، رومىيە، ئەمۇرىيە ۋە قۇستەنتەنىيەدۇر. قۇستەنتەنىيە بۈگۈنكى زاماندا ئىستانبۇل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەردە يەتتە تاغ بار. يەرنىڭ قىسلىقىدىن كىشىلەر تاغ ئۈستىگە ئۆي سېلىپ ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. قارىغاندا، ئۇ يەرنىڭ تاغ ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلگىلى بولمايدۇ.

ئون ئالتىنچىسى ئەرمەن ۋىلايىتى. ئۇنىڭ يەتتە شەھىرى بار. چوڭراقى تەرتۇس شەھىرى.

ئون يەتتىنچىسى قىيرۋان ۋىلايىتى. 12 شەھىرى بار.

ئون سەككىزىنچىسى پەرەڭ ۋىلايىتى. 31 شەھىرى بار. پورتىگال، كەرەش، كوھ قاتارلىق شەھەرلىرى ناھايىتى ئاۋات.

ئون توققۇزىنچىسى قۇلزۇم ۋىلايىتى. بەش شەھىرى بار. پايتەختى ئەدەن شەھىرى. مەككىنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدە بولۇپ، مەغرىبكە مايىل.

يىگىرمىنچىسى تەھام ۋىلايىتى. ئالتە شەھىرى بار. چوڭراقى سەئلەبە شەھىرى، ئۇ مەغرىب شەھەرلىرىدىن بولۇپ، خەتتى ئۈستىۋا تەرىپىدە.

يىگىرمە بىرىنچىسى ھىجاز ۋىلايىتى. تۆت شەھىرى بار. دېڭىزغا يېقىن بولۇپ، مەككىنىڭ شىمال تەرىپىدە.

يىگىرمە ئىككىنچىسى بەھرەين ۋىلايىتى. 20 شەھىرى بار. چوڭراقى تەكرىب، مەۋسەل شەھەرلىرىدۇر. غەربىي چېگراسى قۇلزۇم (قىزىل دېڭىز.) شىمالىي چېگراسى شام مەملىكىتىدۇر. جەنۇبىي چېگراسى ھىندى شەھىرىدۇر.

يىگىرمە ئۈچىنچىسى غەبراب ۋىلايىتى. 26 شەھىرى بار. چوڭراقى بەسرە، بەغداد، كۇفە شەھەرلىرى بولۇپ، بۇ زامانلاردا خاراب بولغان.

يىگىرمە تۆتىنچىسى يوق ئىكەن.

يىگىرمە بەشىنچىسى ئەھۋەز ۋىلايىتى. يەتتە شەھىرى بار. چوڭراقى سەھەردەرۇن شەھىرى.

يىگىرمە ئالتىنچىسى نۇئاس ۋىلايىتى. ئۈچ شەھىرى بار.

يىگىرمە يەتتىنچىسى بەكىر ۋىلايىتى. ئۈچ شەھىرى بار. چوڭراقى ئىل شەھىرى.

يىگىرمە سەككىزىنچىسى پارىس ۋىلايىتى. 18 شەھىرى بار. چوڭراقى ئىستەخر، شىراز شەھەرلىرى.

يىگىرمە توققۇزىنچىسى كىرمان ۋىلايىتى. 60 شەھىرى بار. چوڭراقى ھورمۇز شەھىرى. تارىخقا 1035

بولغاندا پادشاھ ئاباسخان ئۇ شەھەرنى پەرەگەلەردىن ئېلىپ خاراب قىلغانىكەن. تا ھازىرغىچە خاراب ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ھېچ كىشى ئۇ يەردە تۇرمايدۇ.

ئوتتۇزىنچىسى ئىرقى – ئەجەم ۋىلايىتى. توققۇز شەھىرى بار. چوڭراقى ئىسپاھان شەھىرى.

ئوتتۇز بىرىنچىسى ئەزەربەيجان ۋىلايىتى. 13 شەھىرى بار. چوڭراقى ئەردەبىل، تەبرىز شەھەرلىرىدۇر.

ئوتتۇز ئىككىنچىسى ھىل ۋىلايىتى. 15 شەھىرى بار. چوڭراقى رەي، قازۋىن شەھەرلىرى. رەي شەھىرى بۈگۈنكى زاماندا ۋەيراندۇر.

ئوتتۇز ئۈچىنچىسى كۆلان ۋىلايىتى. ئۈنىڭ يەتتە شەھىرى بار. چوڭراقى لاھجان شەھىرى.

ئوتتۇز بەشىنچىسى مازەندەران ۋىلايىتى. چوڭراق شەھىرى ئەشرەفدۇر.

ئوتتۇز ئالتىنچىسى ۋارس ۋىلايىتى. يەتتە شەھىرى بار. چوڭراقى گەنجە شەھىرى.

ئوتتۇز يەتتىنچىسى گۇرجىستان ۋىلايىتى. يەتتە شەھىرى بار.

ئوتتۇز سەككىزىنچىسى ئەرمەنىيە ۋىلايىتى. ئىككى شەھىرى بار. چوڭراقى ئەخلات شەھىرىدۇر.

ئوتتۇز توققۇزىنچىسى تەبەرىستان ۋىلايىتى. بەش شەھىرى بار. چوڭراقى ئەستەرئاباد بىلەن ئامۇل شەھىرىدۇر.

قىرىقىنچىسى خۇراسان ۋىلايىتى. 34 شەھىرى بار. چوڭراقى بەلخ، مەرۋى، ھىرات شەھەرلىرى.

قىرىق بىرىنچىسى سەجىستان ۋىلايىتى. 14 شەھىرى بار. چوڭراقى كەجدىن فەھل دېگەن شەھەر.

قىرىق ئىككىنچىسى سىرق ۋىلايىتى. پايتەختى تەكەر، تەھتەھە شەھەرلىرى.

قىرىق ئۈچىنچىسى ھىندىستان ۋىلايىتى. 37 شەھىرى بار. چوڭراقى ئەگرە، دېھلى، سومنات، قەنۇج، گۇجەرات، لاھور، موخان دېگەن شەھەرلەر.

قىرىق بەشىنچىسى ئەردەن ۋىلايىتى. 12 شەھىرى بار. پايتەختى مۇلتان.

قىرىق ئالتىنچىسى دەۋال ۋىلايىتى. تۆت شەھىرى بار.

قىرق يەتتىنچىسى جەند ۋىلايىتى. 13 شەھىرى بار. چوڭراقى بەغىر شەھىرى.

قىرىق سەككىزىنچىسى فەرغانە ۋىلايىتى. بەش شەھىرى بار. چوڭراقى قىيام شەھىرى.

قىرىق توققۇزىنچىسى خارىستان ۋىلايىتى. چوڭراق شەھىرى بەدەخشان.

ئەللىكىنچىسى رەبئە ۋىلايىتى. ئالتە شەھىرى بار. چوڭراقى بىكران دېگەن شەھەر.

ئەللىك بىرىنچىسى زابلىستان ۋىلايىتى. ئالتە شەھىرى بار. چوڭراقى كابۇل، مەيمەنە شەھەرلىرى.

ئەللىك ئىككىنچىسى ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتى. 23 شەھىرى بار. پايتەختى بۇخارا، تاشكەنت، سەمەرقەندتۇر.

ئەللىك ئۈچىنچىسى تۈركىستان ۋىلايىتى. 32 شەھىرى بار. چوڭراقى چىگىل، خانبالىغ، كاشغەر دېگەن شەھەرلەر.

ئەللىك تۆتىنچىسى رۇس ۋىلايىتى. ئۈچ شەھىرى بار. چوڭراقى مۇغىرە دېگەن شەھەر.

ئەللىك بەشىنچىسى ھەر ۋىلايىتى. چوڭراق شەھىرى سىندابىل دېگەن شەھەر.

ئەللىك ئالتىنچىسى چىن ۋىلايىتى. 14 شەھىرى بار. چوڭراقى خەرمەند، زەيتۇن، ھەجەر، كۇفە دېگەن شەھەرلەر.

ئەللىك يەتتىنچىسى ختاي ۋىلايىتى. 22 شەھىرى بار. پايتەختى خوتەندۇر.

ئەللىك سەككىزىنچىسى ئالان ۋىلايىتى. ئالتە شەھىرى بار. چوڭراقى باكرىيە شەھىرى.

ئەللىك توققۇزىنچىسى تاتار ۋىلايىتى. 15 شەھىرى بار. چوڭراقى كىيد شەھىرى.

ئاتمىشىنچىسى مەشرىق ۋىلايىتى. 22 شەھىرى بار. پايتەختى جەگەر، لەيلا شەھەرلىرىدۇر.

ئاتمىش بىرىنچىسى يەجوج ۋە مەجوج ۋىلايىتى. شەھەرلەرنىڭ سانلىرى ۋە جامائەلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاللادىن ئۆزگە كىشى بىلمەيدۇ. چۈنكى، غايىبنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ.

## رۇبئى مەسكۇندىكى تاغلارنىڭ بايانى

مەلۇم بولغايكى، تاغلارنىڭ يارىتىلىشى خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتىنىڭ ئىزنالىرىدىن. ئۇنىڭدا كۆپ پايدىلار بار. ئۇلارنىڭ بىرى شۇكى، تاغلار دېڭىز سۇلىرىنىڭ تېشىپ يەر يۈزىنى غەرق قىلىشىدىن توسىدۇ. يەر يۈزى تۈز بولسا ئىدى، دېڭىز سۇلىرى زېمىننى قورشاپ كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھالاكەتكە يۈزلىنەتتى. زېمىن يۈزى تۈز بولۇپ، دېڭىزلار بولمىسا ، ئادەم ئەۋلادىغا سۇنى زاپاس ساقلاش زۆرۈر بولۇپ، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايتتى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ھاۋا ئىسسىغاندا زېمىن سۇنى سۈمۈرۈپ كېتەتتى. تاغلاردا چوڭقۇر ئازگاللار كۆپ بولۇپ، يامغۇر تامچىلىرى ئۇ يەرلەردە يىغىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ئېقىپ چىقىدۇ. ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، يارىتىلغان تاغلارنىڭ بايانى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئېيتىلسا كىشىگە مالاللىق كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقارتىپ ئېيتىلدى. زېمىندىكى تاغلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، مەشھۇرلىرى بەش تاغدۇر، بۇلار:

لكام تېغى ئۇ مەككە بىلەن مەدىنەدىن باشلىنىپ شام ۋە ھىمس چېگراسىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇ يەردىن ئەنتاكىيە، مەلاتىيە ۋە سىمات شەھەرلىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ. تەبەرىستان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دەيالەمە، گىلان، قەزۋىن، رەي، جۇرجان، دامغان، تىربلۇس، نىشاپۇر شەھەرلىرىگىچە داۋاملىشىدۇ. يەنە بىر تەرىپى ئەۋەز، غورجىستان ۋە بەلختىن ئۆتۈپ، سەرەندىپ ئاراللىرىغا كېلىپ ئۇ يەردىن دەريايى مۇھىت (ئوكيان)غا تۇتىشىدۇ.

شىراز تېغى ئۇ يەمەن چېگراسىدىن باشلىنىپ تايىف، سەنئا، شام، رۇملارغا يېتىپ بېرىپ، شامنىڭ شەرقىدە ئاخىرلىشىدۇ.

زەيتۇن تېغى. ئۇ سەرەندىپ تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇستىدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ ئىزلىرى بار.

دەماۋەند تېغى تەبەرىستان چېگراسىدىن باشلىنىدۇ. ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئېگىزلىكى تۆت پەرسەڭ كېلىدۇ. زېمىن يۈزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىز چوڭ تاغ يوق. بۇلۇتمۇ ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. ھېچ كىشى ئۇ تاغ ئۇستىگە چىققان ئەمەس. كېچىلىرى تاغ چوققىسى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش يالتىراق كۆرۈنىدۇ. يورۇقى بىلەن يىراق يەرلەرنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. كۈندۈزى ئۇ تاغدىن بۇس ئۆرلەپ تۇرىدۇ، سىرىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

تۇرى سىنا تېغى ئۇ كەنئان تېغى، مىسىر تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغدىن مىسىرغا يەتتە كۈنلۈك يول. شام بىلەن «قۇرا» ۋادىسىنىڭ ئارىلىقىدا. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇدايىتائالا بىلەن سۆزلەشكەن تاغ شۇ.

ئاجايىب بىر نەقىل باركى، شەيخ مەنسۇر ئىبنى جەئفەر بۇبەگانى «ئۇجالەتۇت ـ تالىبىن» (ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن كىتابچە) دېگەن كىتابىدا ئېيتىدۇكى: «ماڭا مەدىنە شەرىفنىڭ ئىمامى ئابدۇل قادىر ئىبنى مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم ھىجرىيە 957 ـ يىلى ئۇلۇغ مەككىدە ئولتۇرۇپ:

،ئادەملىرىمدىن بىرى تۇرى سىنا تېغىدىن ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەقتائالا بىلەن سۆزلەشكەن يەردىن بىر پارچە تاش ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا ،لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا (ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن خەت پۈتۈكلۈك ئىكەن. تاشنىڭ رەڭگى ئاق، خېتى قىزىل ئىكەن. كىچىكرەك پارچىلىرىدا بۇ خەتنىڭ بەزىسى پۈتۈكلۈك ئىكەن، دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاغنىڭ ھەممە تاشلىرى شۇنداق ھالەتتە ئىكەن. مەن: ھەقتائالا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «فەخلەغ نەئلەيكە ئىننەكە بىل ۋادىل مۇقەددەسى تۇۋا، ،يەنى ئى مۇسا، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن پاك جايغا كەلدىڭ دەپ ئەمىر قىلغان. چۈنكى، ئۇ تاغنىڭ تاشلىرىغا كەلىمەئى تەييىبە پۈتۈكلۈك ئىكەن، دېدىم.»

يەنە ئېيتىلىشىچە، 70 پەيغەمبەر ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ، ئاچلىقتىن ھالاك بولغانىكەن. ھەزرىتى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە شېرىفلىرىمۇ شۇ تاغدا.

**قەمەر تېغى** بۇ تاغ ئېكۋاتور ئۈستۈۋانىڭ جەنۇب تەرىپىدە. «تەزكىرەتۇل ـ ئافاق» (ئالەم تەزكىرىسى) دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بۇ تاغ ئاق ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھەمىشە قار يېغىپ تۇرىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر شۇنچىلىك ئىسسىق ئىكەنكى، كۈن چۈش ۋاقتى بولغاندا تاش ئۈستىدە نان قويسا پىشىدىكەن، مىس قاچىغا سۇ قۇيۇپ قويۇلسا، قايناپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەشرىقتىن مەغرىبقىچە.

**دەران تېغى** بۇ تاغ مەغرىب شەھەرلىرىدىن ئىسكەندەرىيەگىچە سوزۇلىدۇ. ھەمىشە قار ئۆكسۈمەيدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1110 پەرسەڭ.

**كۆرۈب تېغى** بۇ تاغ مەغرىبنىڭ تاغلىرىدىن باشلىنىپ مەشرىققە سوزۇلىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئىقلىمغا جايلاشقان.

**ئەنھار تېغى** بۇ تاغ مەغرىب شەھەرلىرىنىڭ يىراق چېتىدە. ئۇنىڭدىن 1000 چوڭ ئېقىن ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئېقىنلارغا 1000 كۆۋرۈك سېلىنغان. قىزىل، سېرىق، كۆك ياقۇتلارنىڭ ھەممىسى شۇ تاغدىن چىقىدۇ.

**ئەتلەس تېغى** بۇ تاغ مەغرىب تەرەپتە بولۇپ، ناھايىتى چوڭ.

**ۋاست تېغى** بۇ تاغ ئەندەلىس شەھەرلىرىگىچە سوزۇلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر يېرىق بولۇپ، تۆمۈر ئوقلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كىمكى بۇ ئوقلارنى ئالماقچى بولسا، ئۇ ئوقلار غايىب بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سىرىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**فەتھى تېغى** بۇ تاغنىڭ فەتھى تېغى دەپ ئاتىلىشى شۇ سەۋەبتىنكى، ئىسلام خەلقى ئەندەلۇس شەھىرىگە كېلىپ ئۇنى ئۆزلىرىگە پاناھگاھ قىلىپ تۇرۇپ ئەندەلۇس شەھىرىنى فەتھى قىلغانىكەن.

بەزى كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئەبدۇل مەلىك مەرۋان پادىشاھلىق قىلغان زامانلاردا، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دىۋىلەرنى ئەۋەتىپ ئەندەلۇسنىڭ باياۋىنىدا دەريايى زۇلۇماتقا يېقىن جايدا بىر شەھەرنى ئالتۇن بىلەن توشقۇزۇپ، ئۇنى تىلسىم قىلغانمىش ــ دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېرىپ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ھاكىم مۇسا نەسىرنى جاھان كۆرگەن ۋە ئىشلارنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر بىلەن بىللە شۇ دىيارغا ئەۋەتكەن. ئۇلار 40 كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، باياۋانلارنى كېزىپ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشقان ۋە ئۇ يەرنىڭ پاكىز، سۈزۈك سۇلىرى ھەر

تەرەپتىن ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى خويمۇ يېقىشلىق ئۇزگىچە زېمىن ئىكەنلىكىنى بىلىشكەن. ھاكىم مۇسا نەسىر ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپلىرىنى ئايلىنىپ ھېچبىر دەرۋازىسىنى كۆرمىگەن ۋە ئىچىگە كىرىشكە ئامال قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەمىرلىرىنىڭ بىرىنى 1000 ئاتلىق ئادەم بىلەن بىللە، شەھەرنىڭ ئەتراپلىرىنى ئايلىنىپ شەھەرنى بىلىدىغان بىرەر كىشىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. 1000 ئاتلىق كىشى شەھەر ئەتراپلىرىنى ئايلىنىپمۇ شەھەرنى بىلىدىغان ھېچ كىشىنى تاپالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرنىڭ ئاستىدىن لەخمە (تونېل) كولاپ شەھەرنىڭ سېپىلى مىس، قەلەي، چويۇن ۋە تۆمۈر قاتارلىق يەتتە خىل مېتالنى ئېرىتىپ ھەپتە چوش (ئەبجەش) قىلىپ ياسالغانىكەن. شۇڭا، ئۇ يەرگە كىرىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇلار شەھەرنىڭ تېگىدىن باشلاپ ئېگىز مۇنار ياساپ شەھەر ئىچىنى كۆرۈش قارارىغا كېلىشكەن. كېلىشكەنلىرى بويىچە ئېگىزلىكى 300 گەز كېلىدىغان مۇنارنى گەج ۋە تاش بىلەن قوپۇرۇپ چىقىشقان. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى مەلۇم چەككە يەتكەندە ئۇستىگە ھېچبىر سايماننى ئېلىپ چىقىش مۇمكىن بولمىغان. شەھەر قورغىنىنىڭ تېمى تېخى 80 گەز ئېگىز تۇرغان. ئۇلار ئاخىر ئېگىزلىكى شەھەر تېمى بىلەن تەڭ بولغان بىر شوتا ياساش قارارىغا كېلىشكەن ۋە شوتىنى ياساپ پۈتكۈزۈشكەن. بۇ چاغدا ھاكىم مۇسا نەسىر: «كىمكى شوتا بىلەن چىقىپ شەھەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرسە مىڭ تىللا ئىلتىپات قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. بىرى ئۆمرىدىن ۋاز كېچىپ، مەن چىقاي، دەپ شوتىغا قەدەم قويغان. شوتىنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن قاقاقلاپ بىر كۈلۈپلا ئۆزىنى شەھەر ئىچىگە تاشلىغان. شەھەر ئىچىدىن بىردىنلا كۈچلۈك سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز شۇنداق ھالەتتە ئۆتكەن. تۆتىنچى كۈنى ھاكىم مۇسا نەسىر ئادەملىرىنى شەھەر ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى كىشىنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا ئۈيۈشتۇرغان. ئەمما، ھېچبىر دېرىكىنى ئالالمىغان.

ھاكىم مۇسا نەسىر يەنە ئادەملىرىنى شەھەر ئىچىگە چۈشۈپ ئاجايىپ ئەھۋالدىن خەۋەر ئېلىشقا داۋاملىق پەرمان قىلغان. بۇ چاغدا ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغان بىر كىشى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ شەھەر ئىچىگە ئۆزىنى تاشلىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي سىرتتىكىلەرگە بىردىنلا قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلانغان. تاكى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە شۇنداق ھالەتتە ئۆتكەن. ھاكىم مۇسا نەسىر يەنە قاتتىق تەكىتلەپ كىمكى شەھەر ئىچىگە چۈشۈپ ئەھۋالدىن خەۋەر بەرسە، ئىككى مىڭ تىللا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلغان. ئارىدىن بىر كىشى: «ئۇزۇن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى بېلىمگە باغلاي، كۆپ جامائە ئۇنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ پەستە شوتىنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرسۇن. مەن ئۆزۈمنى شەھەرنىڭ ئىچىگە تاشلىغاندىن كېيىن ئارغامچىنى تارتىپ مېنى چىقىرىۋالسۇن» دېگەن. ئۇلار شۇنداق كېلىشكەندىن كېيىن، دېيىشكەنلىرى بويىچە ھېلىقى ئادەم ئۆزىنى شەھەر ئىچىگە تاشلىغان. ئارقىدىن ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر ئارغامچىنى تارتىپ ھېلىقى كىشىنى چىقارماقچى بولۇشقان: ئەپسۇسكى، ھېلىقى كىشىنىڭ يېرىمى ئۈزۈلۈپ شەھەر ئىچىدە قېلىپ، يېرىمى چىققان.

مۇسا نەسىر بۇ تىلسىماتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئارقىسىغا يانغان. قايتار يولىدا باياۋاندىن ئۆتۈۋېتىپ ئاق تاشتىن ئويۇپ قوپۇرۇلغان تاش لەۋھەلەرنى كۆرگەن. ئۈستىدە پەيغەمبەرلەر — ئاللا ئۇلاردىن رازى بولغاي — نىڭ مۇبارەك نامىلىرى ۋە مەشھۇر شاھلارنىڭ نامىلىرى پۈتۈلگەنىكەن. لەۋھەلەرنىڭ بىرى «لەۋھى مەسىھا لەۋھۇررۇھ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۈستىگە: «بۇ لەۋھەلەرنىڭ يېنىدىن ھېچ كىشى زىنھار ۋە زىنھار ئۆتمىسۇن، ئۆتسە ھالاك بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. ھاكىم مۇسا نەسىر خەتلەرنى كۆرگەندىن

كېيىن تەئەججۇپلىنىپ ئارقىسىغا ياندى. مەلۇم مۇساپە يول ماڭغاندىن كېيىن ھەر تەرەپتىن مىڭلىغان چۇمۇلىلەر چىقىپ ئاتلار ۋە ئادەملەرنى چىشلەپ ھەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىشكەن، پارچە ـ پارچە قىلىپ ھالاك قىلىشقان.

يىغىنچاقلىغاندا، ھاكىم مۇسا نەسىر ۋەلىد بىننى ئەبدۇل مەلىكنىڭ زامانىسىدا ئەندەلۇسنىڭ ئىككى چوڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان. بىرى تەلىيتەلە شەھىرى، يەنە بىرى قەرتىيىيە شەھىرىدۇر. ئەندەلۇسنىڭ تاغلىرىنىڭ بىرىدىن غايەت خەزىنە تاپقان. بۇ خەزىنىلەرنىڭ بىرى ئالتۇن ئۈستەل بولۇپ، پۇتلىرىغا قىزىل ياقۇت ۋە مەرۋايىتتىن كۆز قويۇلغان، ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. جەۋھەرشۇناسلار ئۇنىڭغا باھا قويالمىغان. ئۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە چوڭ ئىدىكى، 100 كىشى چۆرىدەپ ئولتۇرسا كەڭ ـ كۇشادە سىغاتتى. ئۇنىڭغا ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئۈستەل» دېگەن خەت پۈتۈلگەنىدى.

نۇرۇددىنىنىڭ «ئاسارۇل ـ بىلاد» (مەملىكەتلەر ئىزنالىرى) دېگەن كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇ جايدا ماگنىت تاشقا ئوخشايدىغان بىر تاش بارمىش، ئادەمنى ئۆزىگە تارتارمىش، ئۆلمىگۈچە قويۇپ بەرمەسمىش. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ھازىرغىچە يوقالمىغانمىش.

مەديۇنە تېغى قاس شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىن جەنۇب تەرەپكە سوزۇلىدۇ.

تاھىرە تېغى مەغرىب زېمىنىدىكى بىر تاغ بولۇپ، ئۈستىدە ئىبادەتخانا، يەنى خىرىستىيانلارنىڭ بۇتخانىسى بار. ئۇلار بۇ جايىنى تەۋەررۇك بىلىشىدۇ.

رەۋزە تېغى بۇ مىسىرغا يېقىن مۇبارەك تاغدۇر. ئۇ «رەۋزەئى بىھىشت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ خەلىپىلىك زامانلىرىدا ئەھلى كىتابلار (خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلار نەزەرىدە تۇتۇلىدۇ) ئۇ تاغنى 70 مىڭ دىنارغا سېتىۋېلىشقا خېرىدار بولغان. ئەمما، ھەزرىتى ئۆمەر ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ «رەۋزەئى بىھىشت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىدە بولغىنى ياخشىراق» دەپ ساتمىغانىكەن. ئىمام ئىدرىسىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قەبرىلىرى شۇ تاغ ئۈستىدە. ئۇنىڭ ئۈستىدە قويلار تولا بولۇپ، ھېچ كىشى ئۇلارغا چېقىلالماسمىش.

قىلال تېغى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان بۇ تاغدا ھېچ كىشى تۇرمىغان. ئىسلام دىنى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. يەنە بىرمۇنچە پەرەڭلەر ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ماكان تۇتۇشقان. ئۇلار ئۇ يەردە ئېگىز ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىشقان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش ۋە جېدەل بولۇپ تۇرغان.

مۇئەززەم تېغى بۇ نىل دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇستاتا شەھىرىنىڭ چېگراسىدىكى چوڭ تاغ بولۇپ، نوبە ۋىلايىتىگىچە سوزۇلىدۇ.

قاجات تېغى بۇ بىرقانچە تاغنىڭ نامى. بىرى مەغرىب تەرىپىدە. يەنە بىرى مىسىر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە. ئۇ يەردە كۆپ ئىمارەتلەر ۋە شەھەرلەر بار ئىكەن. ھازىر خاراب بولۇپ كەتكەن.

شام تېغى ئۇ دەمەشقكە يېقىن تاغدۇر. ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ جايىنى تىلغا ئېلىپ: «بىز ئۇ ئىككىسىنى تۇرغىلى بولىدىغان ۋە بۇلاقلىرى بولغان دۆۋىگە پاناھلاندۇردۇق» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر مەسچىت بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز سېلىنغان. ئىچىدە يەنە بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىستىقامەت قىلىپ ھاجىتىنى تىلىسە، ھەممە ھاجىتى راۋا بولىدۇ.

جۇش تېغى بۇ تاغ شامغا جايلاشقان. مىس بىلەن قەلەينىڭ كانى.

ئىبراھىم تېغى شام چېگراسىغا جايلاشقان. شامدىن باشلىنىپ قۇلزۇم شەھىرىگىچە سوزۇلىدۇ.

بەئلبەككە تېغى كىشىلەر بۇ تاغدىن تاش كېسىپ ئېلىپ كېتىپ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن

ئېلىپ كېلىنگەن تاش «سەڭگى رۇخام» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېگىز تۇۋرۇكلەر ياسىلىدۇ. شام دىيارىدا ئۇنىڭدىن ھەيران قالارلىقراق يەنە بىر نەرسە يوق.

سامساق تېغى بۇ تاغ شام دىيارىغا يېقىن. ئۇزۇنلۇقى 4000 پەرسەڭ.

ماگنىت تاغ بۇ تاغ قىزىل دېڭىزغا تۇتاش. ئۇ يەردە (ماگنىت تاش) كۆپ. شۇ سەۋەبتىن سەفايىن شەھىرىدە تۆمۈر ئىشلىتىلمەيدۇ.

سۇلەيمى تېغى ئۇ شىر تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا بىر يول بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ماكسىيا شىرلارنىڭ ماكانى بولغان باياۋانغا بارغىلى بولىدۇ.

ئەبۇ قۇبەيە تېغى بۇ ئۇلۇغ مەككىگە يېقىن تاغ بولۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — غا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى مۇبارەك قەدەملىرى بۇ تاغقا يەتكەن. ئۇ ھەزرەتكە شۇ تاغدا ۋەھيي نازىل بولغان. كىمكى بۇ تاغ ئۈستىدە قوي بېشى يېسە ئۆمرىدە باش ئاغرىقى كۆرمەيدۇ، دېگەن قاراش مەشھۇر.

سەۋر تېغى ئۇلۇغ مەككىگە يېقىن تاغ بولۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئۇنىڭدىكى غاردا ئارام ئېلىپ ئۇ يەردىن مەدىنە شەرىپكە ھىجرەت قىلغان.

تۇھامە تېغى بۇ بىر قانچە كىچىك تاغنىڭ ئىسمى بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتاشتۇر. شەرق تەرىپى بۇخران ئەتراپىغا، مەغرىب تەرىپى قىزىل دېڭىز (دەريايى قۇلزەم) تەرەپكە تۇتىشىدۇ. شىمالىي چېگراسى ئۇلۇغ مەككە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى سەنئان تەرەپكە سوزۇلىدۇ.

نەسۋا تېغى بۇ مەدىنە شەرىپكە يېقىن بىر تاغ. شىئەلەر ھەزرىتى ئىمام مەھدىنى شۇ تاغدىن چىقىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ھازىر شۇ تاغدا بار دەپ ئويلايدۇ.

ئۇھۇد تېغى مەشھۇر تاغ بولۇپ، مەدىنە شەرىپنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، مەدىنە بىلەن بولغان ئارىلىقى ئازغىنا يولدۇر.

تۆۋەندە ئۇھۇد تېغىدا بولغان غازاتلار، ھەزرىتى رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك چىشلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشى، شېھىتلارنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ: بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرىتى سەئىد بىننى ۋەققاس — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ قېرىندىشى ئۇتبەدىن ھەزرىتى رەسۇلۇللاغا تاش ئېتىشتەك ناچار ھەرىكەت كۆرۈلگەن. ئاشۇ تاش كېلىپ ھەزرىتى رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك چىشلىرىغا تەگكەن، شۇ سەۋەبتىن سەئىد بىننى ۋەققاس — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — : «مەن قېرىندىشىم ئۇتبەنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن، ئۇنىڭ خوتىنىغا تەشنادۇرمەن» دېگەن. ئەمما، شۇنىڭ ئۆزى كۆپايدۇركى، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چىشلىرى تۆكۈلگەن، مۇبارەك يۈزلىرى قانغا بويالغان ھالەتتە ئۇتبە ھەققىدە دۇئا قىلىپ: «ئىلاھىم، ئۇتبە بىر يىل ئۆتمەي ئىمانسىز ئۆلسۇن» دېگەن. دەرۋەقە بىر يىل ئۆتمەي ئۇتبە ئىمانسىز ئۆلگەن، بىر يىلمۇ ئۆمۈر كۆرەلمىگەن.

ئۇھۇد تېغىدا 70 كىشى شېھىت بولدى، بۇلاردىن تۆت كىشى مۇھاجىرلاردىن، 66 كىشى ئەنسارلاردىن ئىدى. ئەبۇ سۇپيانىنىڭ خوتۇنى ھىنىدىنىڭ باشقا خوتۇنلار بىلەن بىللە شېھىتلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشتى، شېھىتلارنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىشىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ خۇشال بولۇشتى. ھەزرىتى ھەمزە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ باشلىرىغا كېلىپ ئۇنىڭمۇ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىشتى. ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ بىر پارچە جىگىرىنى ئېلىپ يېيىشتى، ئەمما چاينىياپ يۇتالماي يۇركۇۋېتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى زىننەتلەش ئۈچۈن تەييارلىغان جابدۇقلىرىنى ھەزرىتى

ئەمرنى شېھىت قىلغان ۋەھشىي ئاتلىق قولغا بېرىشتى.

مۇسۇلمانلار شېھىتلىرىنى مەدىنە شەھىرىگە يۆتكەپ كەتمەكچى بولغاندا، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇ ئىشتىن توستى. ئۆز جايلىرىغا دەپنە قىلىشتى. ئېلىپ كەتكەنلەرنىمۇ ياندۇرۇپ كېلىپ شۇ جايدا دەپنە قىلىشتى. شېھىتلارنىڭ تەنلىرى قەبرىلىرىدە ئۆزگەرمەي تۇرغاندى. ھەزرىتى جابىر ئەنسارىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شۇ ۋەقە بولۇپ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى مۇئاۋىيە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئۇھۇد تېغىدىن سۇ باشلىماقچى بولۇپ پەرمان قىلدى: «بەزى قەبرىلەر سۇ يولىغا توغرا كېلىپ قالدى، شېھىتلارنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى باشقا جايغا يۆتكەپ قويۇڭلار» دەپ پەرمان قىلدى. ھەزرىتى جابىر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — «مەن مۇسۇلمانلارنىڭ شېھىتلارنى بىر - بىرلەپ ئۇچلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغانلىرىنى، جەسەتلەرنىڭ خۇددى ئۇخلاپ ياتقاندەك، چىرايلىرى نۇرلۇق ھالەتتە تۇرغانلىقلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ پۇتلىرىغا ئوق تەگكەن بولۇپ، قان تېمىپ تۇرۇپتۇ» دېگەن.

ئاللا ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

ئەخا تېغى بۇ تاغ قەند چۆلىگە يېقىن. تەي قەبىلىسىگە تەۋەدۇر.

جۇدى تېغى بۇ تاغ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك يول. مەۋسۇل شەھىرىگە يېقىن. ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە توختىغان.

جورجان تېغى بۇ تاغ پارس ۋىلايىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر غار بار، ئۈستىدىن ھەمىشە سۇ تېمىپ تۇرىدۇ، غار ئىچىدىكى كىشى سۇغا موھتاج بولغاندا، بىر كىشى بولسا بىر كىشىلىك، مىڭ كىشى بولسا مىڭ كىشىلىك سۇ تامىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش بولۇپ، سىرىنى خۇدادىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

ئەلۋەند تېغى بۇ تاغ ھەمەدان شەھىرىدە. ئۇنىڭدا بىر بۇلاق بولۇپ، سۈيى ھەممە ئىللەتلەرگە پايدىلىق.

سەيلان تېغى بۇ ئېگىز تاغدۇر. ئەردەبىل شەھىرىگە يېقىن. ئۇنىڭدا سانجاق - سانجاق مېۋە بولىدىغان دەرەخلەر بولۇپ، ھەرقانداق جانلىق بۇ مېۋىلەردىن يېمەكچى بولسا، شۇ ھامان ھالاك بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە سۈيى ئىسسىق بىر بۇلاق بار. سۈيى ھەممە كېسەلگە پايدىلىق.

ئەشكران تېغى بۇ ئىسفەھان شەھىرىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان تاغ. ئۇنىڭدا زەھەرلىك يىلان كۆپ. كۈندۈزى ئۈستىدىن بۇس ئۆرلەپ تۇرىدۇ.

بىستۇن تېغى بۇ تاغ ھەمەدان بىلەن باغدادنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فەرھاد بىلەن شىرىنىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىزنالىرى ئۇ تاغدا بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر تەرىپى ساپ قورۇق تۈزلۈق بولۇپ، ئۇ تەرەپتىن تاغقا چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

كەركەس تېغى رەي شەھىرى بىلەن ئىسفەھان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى باياۋان. ئۇنىڭدا ئوغرى - قاراقچىلار ماكان تۇتۇشقان.

ئەسۋەد تېغى (قارا تاغ) بۇ قارا رەڭلىك تاغ بولۇپ، كەھىستانىنىڭ تاغلىرىغا تۇتاش. ناھايىتى سۇرلۇك بولۇپ، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ماكانى.

لوج تېغى بۇ تاغ «نەقس تېغى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا غارلار تولا بولۇپ، ئىچىدە ئادەملەر تۇرىدۇ.

قارۇن تېغى بۇ چوڭ تاغ بولۇپ، تەبەرىستان، رەي، دىماۋەند شەھەرلىرىنىڭ ئارىسىغان جايلاشقان.

ھېچقانداق تاغقا ئوخشاش ئەمەس.

سەيراف تېغى بۇ بىر شەھەر بولۇپ، پارس شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر. دەريا بويىدا بۇ شەھەرگە يېقىن ناھايىتى چوڭ بىر تاغ بار. «جاھاننامە» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، بۇ تاغنىڭ بەزى يەرلىرىدە تاش بار ئىكەن، سۇندۇرسا ئىچىدىن ياقۇت رۇممانىغا ئوخشاش تاش چىقىدىكەن. دەسلەپتە كىچىك بولىدىكەن. يەردە تۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىدىكەن. بۇنداق بولۇشى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئاجايىباتلىرىدىن ئىكەن.

جىسران تېغى بۇ تاغ ماردىن شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، ئەزەربەيجاننىڭ شەھەرلىرىدە. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۈستىگە ھېچ كىشى چىقالمايدۇ. ئۇنىڭدىن بەزىدە نالە ـ زار، بەزىدە نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى خۇدادىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

سۇۋەر تېغى بۇ كىرمان شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە تاشنى ئېلىپ ئېزىپ قاچىدىكى سۇغا سالسا، سۇدا ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل سۈرەتلىرى ھاسىل بولىدۇ.

ئەشرە تېغى بۇ تۈركىستان شەھەرلىرىدىن بولغان شاش شەھىرىنىڭ زېمىنىدىكى تاغ بولۇپ، ئەتراپلىرىدا نېفىت، فىرۇزا، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىق مەدەنلەرنىڭ كانلىرى بار. ئۇنىڭدا بىر خىل تاش بولۇپ، ئوتقا سالسا كۆيۈپ ئاقىدۇ. ئۇنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ شۇ سۇ بىلەن كىيىم يۇيۇلسا ناھايىتى پاكىز، يۇمشاق بولىدۇ.

قالىيە تېغى بۇ تاغ سەقالىيە تاغلىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ كۈنلۈك يولدۇر. ئۇنىڭدا ئالتۇن كېنى بار.

فەرغانە تېغى بۇ تاغدا بىر خىل گىياھ بولۇپ، ئەر ـ ئايالنىڭ شەكلىدە ئۆسىدۇ. ئۇ «بۇرۇجۇس سەنەم» دەپ ئاتىلىدۇ. شەھۋەتنى ۋە ئەرلىكنى ناھايىتى كۈچەيتىدۇ. خىتا تىلىدا «رېنسىڭ» دېيىلىدۇ. ئاللا ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

ھەدىد تېغى ھىندىستان دىيارىدىكى بىر تاغ بولۇپ، قىزىل تۆمۈر كېنىدۇر. بۇ تۆمۈردىن تىغ سوقۇلۇپ، بىرەر يەرنى كەسسە قان چىقمايدۇ. كۆرگەنلا ئادەم داغلىغان يەر ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدۇ.

قەتران تېغى بۇ ھىندىستانغا يېقىن بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەممە دورا چىقىدۇ.

نەبان تېغى ئۇ بىر چوڭ تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك مېۋىلەر، قۇتبۇل ئەقتابلار ۋە ھەممە ئەۋلىيالارنىڭ ماكانلىرى بار.

بىتائىل تېغى ھىندى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن داۋاملىق داپ چالغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، داپ چالغۇچىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

شەۋقە تېغى ھىندى دىيارىدىكى بىر تاغ. ئۇنىڭدا بىر بۇلاق بار بولۇپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ قارىشىچە، كىمكى ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچسە ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن.

ھارىس ۋە ھەۋارىس تېغى ئەرمىنىيە دىيارىدىكى ئىككى تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىلىرى بار. بەلىناس ھەكىم ئۇ يەرگە تىلسىمات قىلغان بولۇپ، ھېچ كىشى بارالمايدۇ.

فەرەھ تېغى بۇمۇ ئەرمىنىيە ۋىلايىتىدىكى بىر تاغ بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز ھەم كەڭ ـ كۇشادىدۇر. ئۇنىڭدا ئادەملەر تولا، ئېكىنزارلىقلارمۇ كۆپ. ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق غېمى يوق.

پۇشت تېغى بۇ تاغ ئۈستىدە ئوت يېقىلسا ئۆچۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن سۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا بىر پادىشاھ سىناق ئۈچۈن بۇ تاغ ئۈستىگە نېفىت، گۈڭگۈرت ۋە ئوتۇنلارنى تولا جەملەپ ئوت ياققان. ئوت كۆيۈشكە باشلىغاندا ئاستىدىن دەرھال سۇ پەيدا بولۇپ، ئوتنى ئۆچۈرگەن،

بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قايتقان.

فەتەق تېغى بۇ ھىرز دەرياسى ساھىلىدىن باشلىنىپ بابۇل ئەبۋاب دېگەن جايغا يېقىن ھالدا جەنۇب تەرەپكە سوزۇلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئەتراپىدا بىرقانچە تائىپە ئادەملەر ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقا تىلدا سۆزلىشىدۇ.

لەسۇھ تېغى بۇ فەتەق تېغىغا تۇتاش تاغ بولۇپ، مۇتلەقە دېگەن جاينىڭ چېگراسىغا تۇتىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى رۇم تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ.

مەرزىتۇ تېغى ئۇ يەنە «ئەقەبەئى توران» (توران داۋىنى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئەۋەز» دېگەن جاينىڭ چېگراسىدىن باشلىنىدۇ. بەستام، دامغان شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، كوھمقارۇن تېغىغا تۇتىشىدۇ. ھىرات ئۇنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان.

غور تېغى ئۇ غور ۋە غورجىستاننىڭ چېگراسىدىن باشلىنىپ تىبەتنىڭ تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ.

خاجە تېغى ئۇ شۇ يەردىن باشلىنىپ چىننىڭ چېگراسىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا جاۋاھىراتلارنىڭ كانلىرى كۆپ.

خەتلان تېغى بۇ تاغ خوتەن چېگراسىدىن باشلىنىپ فەرغانىغە بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ.

ئەسرۇش تېغى بۇ چوڭ تاغ بولۇپ، بۇخاراغا بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، تۆمۈر، سىماب ۋە نۇشادارۇ (زەھەر قايتۇرغۇچى دورا) نىڭ كانلىرى بار.

نۇشادارۇنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى: بۇ تاغدىن بۇخار (ئىس ـ تۈتەك) ئۆرلەپ تۇرىدۇ، كېچىسى ئوت نۇرى، كۈندۈزى تۈتۈنگە ئوخشاش نەرسە كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەرگە ئۆيلەر ياسىلىپ يوچۇقلىرى مەھكەم ئېتىلىدۇ، ئىچىگە بۇخار (ئىس ـ تۈتەك) لار كىرگەندىن كېيىن ئىشىكلەر ھەم تاقىلىپ ئىس ـ تۈتەك چىقارماي قويسا، ئۆزۈن مۇددەتتە ئۆرلىگەن بۇخار (ئىس ـ تۈتەك) ئۆينىڭ تورۇسلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ قېلىنلاپ قاتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ قويۇپ ھارارىتى پەسەيگەندىن كېيىن بىر كىشى ھۆل كىيىملەرنى كىيىپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ تورۇستىكى نۇشادارۇلارنى تېز يىغىۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئادەم ئۆيدە بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرسا، كۆيۈپ كېتىدۇ.

بۇ تاغدا بىر خىل تاش بولۇپ، كۆمۈردەك كۆيىدۇ، كۈلى سوپۇن ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

خەستابان تېغى بۇ تاغ كىرماننىڭ چېگراسىدا. ئۇ يەر مەدەستان تېشىنىڭ كانى. مەدەستان(دەھانە) تېشى ھىندىستاننىڭ قىرىمىنىڭ دورىسىدۇر.

كوجان تېغى تونۇشلۇق ۋە مەشھۇر تاغ بولۇپ، كىرمان (پارسنىڭ بىر شەھىرى)نىڭ چېگراسىغا جايلاشقان. ئۇ يەردە ئانار، نارەنجى، لىمون دەرەخلىرى كۆپ، ئىمارەتلەرمۇ تولا.

ئەبۇ غانىم تېغى بۇ تاغنىڭ مەشرىق تەرىپى مەكران شەھىرىنىڭ قوملۇقىدۇر، مەغرىب تەرىپى مەنۇجان ۋە ھۇرمۇزغە تۇتاش.

بابەك تېغى يايەك خۇدەم شۇ يەردە. ئۇلارنىڭ كەنتلىرى، مەسچىتلىرى تولا. ئاھالىلىرى ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇشقا مەشغۇل. ئەمما، خۇداسىزلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ تولا مەشغۇل بولىدۇ.

سىرشك تېغى ھىراتقا يېقىن تاغ. كىشىلەر تۈگمەن تېشىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىشىدۇ.

كەردكۇ تېغى قەھستان چېگراسىدىكى تاغ. ئۇنىڭ ئارىسىدىن رەھمەن دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۆۋرۈكلەرنى سالغان.

پىروزە تېغى مەشھۇر ۋە تونۇشلۇق تاغ.

بەدەخشان تېغى ناھايىتى چوڭ تاغ. ئالتۇن، كۈمۈش ۋە لاجىۋەرد كېنى بار.

جەغرا تېغى بۇ تاغ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چىن تەرەپكە ماڭىدۇ.

بابۇل ئەبۋاب تېغى چوڭ تاغ بولۇپ، دەريايى خەزەر دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدا. ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۇ يەردە 14 ئىمارەت ۋە قىشلاقلار بىنا قىلىنغان. ھازىر خاراب بولغاندۇر.

## رۇبئى مەسكۇندىكى باياۋانلارنىڭ بايانى

باياۋانلار تولىدۇر. بەزىسى شەھەرلەرگە جايلاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.

مەغرىب باياۋانى چوڭ باياۋان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 700 پەرسەڭ. مەغرىبتىكى قارا ئادەملەر شۇ باياۋاندىن كېلىدىغان بولۇپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان.

مىسىر باياۋانى چوڭ قۇملۇق بولۇپ، بەزى يەرلىرىدە ئادەم ئولتۇراقلاشقان. مېۋىلىك دەرەخلىرىمۇ بار.

ھىجاز باياۋانى ئۇ قۇم ــ تاشلىق. ئۇنىڭدا ئادەمزات يوق.

پەلەستىن باياۋانى ئۇ «تەييەئى بەنى ئىسرائىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 40 پەرسەڭ كېلىدۇ، قۇملۇق.

جاغار باياۋانى ئۇ باشقا باياۋانغا ئوتاشتۇر. ئۇ يەردە ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كېلىدىغان يىلانلار بولۇپ، سەكرەپ تۆگىنىڭ يۈكىگە سوقۇلۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۇخارا باياۋانى بەھرەيىن بىلەن ئامان ئارىسىغا جايلاشقان. سۇنىڭ يوقلۇقىدىن ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەيدۇ.

يەزىد باياۋانى ئۇ ناھايىتى خەتەرلىك. ئوغرى ــ قاراقچىلارنىڭ ماكانى.

بەختۇ باياۋانى قەھىستان دېگەن يەردىن بۇ باياۋان ئارقىلىق كىرمان شەھەرلىرىگە ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ. ناھايىتى قۇرغاق بولۇپ، ئازراق ۋاقىت يامغۇر ياغسىلا ئات ــ قېچىرلارنىڭ ئاياغلىرى لايغا پېتىپ قالىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 25 پەرسەڭ كېلىدۇ.

مەغزۇبە باياۋانى قەھىستاندىن كىرمانغا بارماقچى بولغاندا ئوڭ قول تەرەپكە توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 15 پەرسەڭ كېلىدۇ. ئاۋات يەرلىرىمۇ بار. ئەمما، تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن. كىچىك بالىنىڭ بۆشۈكى، ھەتتا ئۈچىدىكى بالىمۇ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن. بىمە سەۋەبتىن، قايسى زاماندا شۇنداق بولغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سىررىنى پەقەت خۇدايىتائالا بىلىدۇ.

يەنە بۇ باياۋاننىڭ بىر تەرىپىدە بىر خىل چايان بولۇپ، رەڭگى قارا. كېچىسى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئادەمنىڭ قانداق يېرىنى چاقسا دەرھال ئۆلتۈرىدۇ. داۋالاشنىڭ ئىلاجى يوق. ئۇ خارەزم بىلەن خۇراساننىڭ

ئارىسىدا. ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 100 پەرسەڭ يولدۇر. خالايىق ئۇ ئارقىلىق بەدەخشان، رىققە دېگەن شەھەردىن شامغا كەلمەكچى بولسا، بۇ باياۋان سول قول تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

ھەزرىمەۋت باياۋانى كىچىكرەك باياۋان بولۇپ، قۇملۇق. ئۇ «ئەھقاق باياۋانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رەبىئە ۋە مۇزەر باياۋانى ئۇ فۇرات بىلەن دەجلە دەرياسىنىڭ ئارىسىدا. ئۇنىڭدا رەبىئە بىلەن مۇزەرنىڭ قەبىلىلىرى بار.

قۇلزۇم باياۋانى قۇلزۇم دەرياسى (قىزىل دېڭىز) بويىدىكى باياۋان بولۇپ، بەربەرىستاننىڭ چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ.

سىكرە باياۋانى ئىراق چېگراسىدا، ۋەسكەر شەھىرى بىلەن ھەلەۋان شەھىرىنىڭ ئارىسىدا.

نەۋبە باياۋانى چوڭ باياۋان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 500 پەرسەڭ كېلىدۇ.

نەسبەت باياۋانى سىيستان تەرەپتىن باشلىنىپ ئابگۇن دەرياسىغىچە سوزۇلىدۇ.

ئەمەۋىييە باياۋانى بەلخ چېگراسىدا بولۇپ، خارەزمگىچە سوزۇلىدۇ، ھەممىسى قۇملۇق.

ئەفروشتىنە باياۋانى ئىختىلان دېگەن يەردىن فەرغانىغىچە سوزۇلىدۇ. ئۇ يەردە سەھرالىق تۈركلەر تۇرىدۇ.

سامىرە باياۋانى چوڭ باياۋان بولۇپ، مەغرىب تەرىپى ئاۋاتتۇر. دەرەخلىرى كۆپ، سۇلىرى مول.

ئەۋسەت باياۋانى ۋاسىت شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلىنىپ كوھىستانىغىچە سوزۇلىدۇ. چۆل ئەرەبلىرىنىڭ تولىسى ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان.

ئەممارە باياۋانى ئەممارە شەھىرىدىن باشلىنىپ تاكى تۇتارام دېگەن يەرگىچە يېيىلغان. ئۇ يەردىن خۇراسان چېگراسىغىچە 120 پەرسەڭ يول.

بۇلغار باياۋانى بۇ يەردىن «رودى ئامۇل» باياۋانىغىچە بىر ئايلىق يول.

تەھمىد باياۋانى چوڭ باياۋان بولۇپ، ئۇنىڭدا خورمىزارلىق ۋە ئېكىن تىكىدىغان جايلار كۆپ.

تەبرىز باياۋانى چوڭ باياۋان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئولتۇراقلاشقان خەقلەر كۆپ.

فەرس باياۋانى خۇراساندىن باشلىنىپ كاشان دېگەن يەرگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدا خەتەرلىك تاغلار كۆپ.

يىلان باياۋانى ناھايىتى ئۇزۇن باياۋان بولۇپ، شاھىماران (يىلان شاھى) شۇ يەردە. ئۇزۇنلۇقى يەتتە مەنزىل كېلىدۇ. سۈيى ئاچچىق.

دوراق باياۋانى ھىمسى شەھىرىنىڭ چېگراسىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بەش مەنزىل كېلىدۇ.

غۇررە باياۋانى ئۇزۇن باياۋان بولۇپ، خارەزمگە تۇتىشىدۇ.

ۋەسەك باياۋانى ئۇزۇنلۇقى تىبەت ۋە قەزۋىن دېگەن يەرلەردىن باشلىنىپ خارەزمگىچە ئالتە مەنزىل يولدۇر.

رەخلىس باياۋانى ئۇزۇنلۇقى 20 پەرسەڭدۇر، سۈيى يوق.

سەبكۇن باياۋانى تەبەرىستان چېگراسىدا بولۇپ، «بابۇل ئەبۋاب» دېگەن يەرگىچە سوزۇلىدۇ.

كىرمان باياۋانى «لەكەر» دېگەن يەردىن باشلىنىپ سەيرىۋان دېگەن يەرگىچە سوزۇلىدۇ.

بەكرىمان باياۋانى شام چېگراسىدا بولۇپ، مانىس دېگەن يەرگە يېقىن. چوڭ بولۇپ، سۈيى يېقىشلىقى بىلەن مەشھۇر، ھاۋاسى بەلەن. باياۋان خاراب، ئەمما ئىمارەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى مەۋجۇت.

چۈمۈلە باياۋانى قۇستەنتەنىيىيە داۋىنىغا تەۋە. ئۇنىڭ ئەھۋالى ھېچ كىشىگە مەلۇم ئەمەس.

ھەزرىتى ئەبدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئەمرۇ ئىبنى ئاس — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ باياۋاننىڭ بېشىدا بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە مىنىپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلى ياسالغان، ئادەم قولىنى سۇنۇپ تۇرىدىكەن. سۇنۇپ تۇرغان قولىنىڭ ئالقىنىغا خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى «كىمكى بۇ ھەيكەل تۇرغان ئورۇندىن ئۆتسە، چۈمۈلە باياۋانىغا كىرىدۇ، چۈمۈلىلەر ئۇنى ھالاك قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىر ئوخشىشى «ئەجايىبۇل - ئالەم» دېگەن كىتابتىمۇ بايان قىلىنغان.

## رۇبئى مەسكۇندىكى دېڭىزلارنىڭ بايانى

دېڭىزلاردا ھەر خىل ئەھۋاللار بولىدۇ. سۈيى بەزىدە كۆپىيىدۇ، بەزىدە كېمىيىدۇ. مەلۇم بولغايكى، زېمىن دېڭىز يۈزىدە تۇرالماي ھەر تەرەپكە مايىل بولغاندا، خۇدايىتائالا تاغلارنى ئاپىرىدە قىلغاندىن كېيىن زېمىن تاغلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھەرىكەتتىن توختىغان. خۇدايىتائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدىن، تاغلارنىڭ ئەتراپلىرىدىن دەريالارنى ئاقتۇرغان. ئاجايىپ قۇدرەتلىرى بىلەن زېمىنغا دەريالار ۋە ئۆستەڭلەرنى كىرىشتۈرگەن. بارلىق دېڭىزلارنىڭ ئەسلى مۇھىت دېڭىزىدۇر. مۇھىت دېڭىزى ئالەمنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرىدۇ. باشقا دېڭىزلار مۇھىت دېڭىزىدىن ئايرىلغان شاخلاردۇر. دېڭىز شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاراللار، قۇملۇقلار، ئىمارەتلەر ۋە خارابىلىكلەر كۆپتۇر. يەنە شۇنىڭدەك، تاغلارنىڭ ئارىسىدا كۆلچەكلەر، تۇرغۇن سۇلار، ئۆڭكۈرلەر ساناقسىز بولۇپ، دەريا - ئۆستەڭلەر شۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

ھەقتائالانىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، دېڭىزلارنىڭ سۈيىنى تۇزلۇق ۋە ئاچچىق ياراتقان. دېڭىزلارنىڭ سۈيى تاتلىق بولغان بولسا، دېڭىز ھايۋانلىرى ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتلىرى سېسىپ دېڭىز سۈيىنى بۇلغاپ ھاۋانى بۇزاتتى. بۇنىڭ بىلەن جىمى مەۋجۇداتلار سېسىق ھاۋادىن زەھەرلەنگەن بولاتتى. خۇسۇسەن، ئادەمزاتنىڭ ھاياتى ھالاكەتكە يۈزلىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ھەقتائالانىڭ كامىل قۇدرىتى دېڭىزلارنىڭ سۈيىنى تۇزلۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، چۈنكى شۇنداق بولغاندا چىرىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەمما، دېڭىز سۇلىرىنىڭ تۇزلۇق بولۇشىنىڭ ھېكمىتى ئايان بولۇپ، بايانىغا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

تۆۋەندە تالىبى ئىلىملەرنىڭ زوق - شوقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەزى چوڭ - كىچىك دېڭىزلارنىڭ زىكرى بايان قىلىنىدۇ.

رۇبئى مەسكۇندا بەش دېڭىز بار. بىرىنچىسى مۇھىت دېڭىزى؛ ئىككىنچىسى مەغرىب دېڭىزى؛ ئۈچىنچىسى شام دېڭىزى؛ تۆتىنچىسى نىتىس دېڭىزى؛ بەشىنچىسى تەبەرىستان دېڭىزى.

مۇھىت دېڭىزى دەپ ئاتالغان بىرىنچى دېڭىز چوڭ بولۇپ، «بەھرى ئەئزەم» (ئەڭ چوڭ دېڭىز)،

«بەھرى ھىندى» (ھىندى دېڭىزى)، «بەھرى فارىس» (پارس دېڭىزى)، «بەھرى ئۇممان» (ئۇممان دېڭىزى)، «بەھرى چىن» (چىن دېڭىزى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇمۇمەن، ئۇ ئالەمنىڭ ھەممىسىنى ئىھاتە قىلىپ تۇرغان بولۇپ، قايسى شەھەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلسە، شۇ شەھەرنىڭ دېڭىزى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەغرىب تەرەپتىن باشلىنىپ مەشرىققە ئۆتۈپ، چىن ۋىلايىتى ئارقىلىق مەشرىق شەھەرلىرىگە بېرىپ يەجۇج ۋە مەجۇجنىڭ سېپىلىنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، شىمال بىلەن روس دەرياسى، زەنگىلەرنىڭ دەرياسىغا قوشۇلۇپ، يەنە مەغرىب تەرەپكە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش شاخ ئايرىلىپ ئالەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، يەنە مۇھىت دېڭىزىغا قوشۇلىدۇ. ئايرىلغان ھەر شاخ دېڭىزنىڭ بايانى خۇدايىتائالا خالىسا ئۆز جايىدا بايان قىلىنىدۇ.

بۇ مۇھىت دېڭىزىنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ ئارال بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئارال ناھايىتى كەڭ بولۇپ، دائىرىسى 1000 پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەيۋەتلىك تاغلار، دەريالار كۆپ. ئۇنىڭدىن كۆك رەڭلىك ياقۇت چىقىدۇ.

مەغرىب دېڭىزى ئۇ «بەھرى ئەندىلىس» (ئەندەلىس دېڭىزى)، «بەھرى تەيھە» (تەيھە دېڭىزى)، «بەھرۇل ئەسۋەد» (قارا دېڭىز)، «بەھرۇل ئەكبەر» (ئەڭ چوڭ دېڭىز)، «بەھرى دەقىيانۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سۇدان زېمىنىدىن ئەندەلىسكە ئۆتۈپ، مەشرىق تەرەپ بىلەن بەھرى ئەئزەمگە قوشۇلىدۇ. ھىندى دېڭىزى مەغرىب تەرەپتىن كېلىپ شۇ دەرياغا قوشۇلىدۇ. دېڭىز دولقۇنى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، سودىگەرلەرنىڭ كېمىلىرى ماڭالمايدۇ.

«ئەجايىبۇل ـ بىھار» (ئاجايىپ دېڭىزلار) دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بۇ دېڭىزدا «مەجمەئۇل ـ بەھرەين» (ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان يېرى) دېگەن بىر ئورۇن بار ئىكەن. ھىندى دېڭىزىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرى ئىكەن. بۇ يەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر مۇنار بولۇپ، ئېگىزلىكى 100 گەز كېلىدىكەن. ئەتراپىدا ناھايىتى ئاۋات ئارال بار ئىكەن. ئىككى دېڭىزنىڭ سۈيى تۇتاش ھالەتتە بولۇپ، كۆن چىققاندىن باشلاپ قىيىلغۇچە مەغرىب دېڭىزىنىڭ سۈيى يۇقىرى ئۆرلەپ ھىندى دېڭىزىغا قوشۇلىدىكەن. كۈن قىيىلغاندىن باشلاپ ئولتۇرغۇچە ھىندى دېڭىزى يۇقىرى ئۆرلەپ مەغرىب دېڭىزىغا قوشۇلىدىكەن. بۇ ئىككى دېڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى مەلۇم ئەمەس ئىكەن.

شام دېڭىزى ئۇ «بەھرى رۇم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى مەشرىقتىن باشلىنىپ 1800 پەرسەڭ، كەڭلىكى ئۈچ پەرسەڭدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا قەدىمكى زامانلىكى ھىرەقلىس دېگەن كىشىنىڭ قەبرىسى بار ئىكەن. ئۇ بىر پادىشاھنىڭ ئىسمى بولۇپ، شۇ دەرياغا كۆۋرۈك سالغانىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاسانلىق بىلەن ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. ئەندەلىس دىيارى بۇ دەريانىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىكەن. مەغارىب دىيارى بۇ دېڭىزنىڭ جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدىكەن. رۇمدىن كېلىدىغان ئۆستەڭلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا قوشۇلىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئىككى شاخ ئايرىلىپ ئىقلىملارنىڭ ئارىسىغا كىرىدىكەن. ئۇنىڭ بىرى «خەلىجى ئىدرىش» (ئىدرىش قولتۇقى)، يەنە بىرى «خەلىجى يۇنان» (يۇنان قولتۇقى) دېيىلىدىكەن. بۇ دەريانىڭ ئىچىدە 262 ئاۋات ئارال بار. سودىگەرلەر ئۇ يەرلەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. بەزى ئاراللارغا ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يېتەلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىدە بۇ ئاراللارنىڭ دائىرىسى ئون پەرسەڭدىن كەم، 500 پەرسەڭدىن ئارتۇق ئەمەس ئىكەن.

نىش دېڭىزى بۇ چوڭ دېڭىز بولۇپ، «بەھرى تەيرى ئەندىرۇن»، «بەھورۇر رۇس» (رۇس دېڭىزى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قۇستەنتەنىيە شەھىرىنىڭ داۋىنىغا جايلاشقان. ئۇنىڭدا ئاراللار كۆپ، ئاراللاردا ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋاناتلار بار. بۇ ئاراللاردىن سودىگەرلەر تولا پايدا ئالىدۇ. بۇ دېڭىز ئىككى شاخقا ئايرىلىپ، بىرى سۇدان ئارىلىغا بارىدۇ. بۇلغارىيە زېمىنى بۇ دەريانىڭ ساھىلىدا.

تەبەرىستان دېڭىزى ئۇ «دەريايى گىلان»، «دەريايى گورگان»، «بابۇل ئەبۋاب»، «بەھرى خەزەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەكلى يۇمىلاق. ئۇ ھېچبىر دېڭىزغا تۇتاش ئەمەس. دولقۇنلىرى ھەممىشە ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا سەپەر قىلىش بەك خەتەرلىك. سۈيى ئاز - كۆپ بولمايدۇ. ئۇنىڭدا يەتتە ئارال بولۇپ، ئۇلاردىن ئاق، قارا نېفىتلار چىقىدۇ.

## رۇبئى مەسكۇندىكى كىچىك دېڭىزلارنىڭ بايانى

تۆۋەندە كىچىك دېڭىزلار بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار «خەلىجات (قولتۇقلار)»، «شۇئبات (تارماقلار)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «خەلىج» دېگەن سۆز پارچە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىچىك دېڭىزلاردىن مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

بەربەر دېڭىزى ئۇ يەنە «بەھرۇز - زەنەج» (زەڭگىلەر دېڭىزى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندى دەرياسىنىڭ تارماقلىرىدىن. بەربەرىستاننىڭ چېگراسىغا بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدا سەپەر قىلغان كىشى سۇھەيل يۇلتۇزىنىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ ئاخىرىنى كۆرىدۇ. ئەمما، شىمالىي قۇتۇپنى كۆرەلمەيدۇ. ئاياللار ئۇنىڭ كۆپۈكىدىن يۈزلىرىگە زىنىنەت تەييارلايدۇ. بۇ دەريانىڭ ئاراللىرىدىن سەندەل، ئابنۇس (بىر خىل ئۆسۈملۈك) چىقىدۇ.

قۇلزۇم دېڭىزى ئۇ «بەھرى ئەھمەر»، «بەھرى ئەدەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندى دەرياسىنىڭ تارماقلىرىدىن. ئەدەن، يەمەن زېمىنلىرى ئۇنىڭ مەشرىق تەرىپىدە. «ئەجايىبۇل بىھار» (ئاجايىب دەريالار) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، لەنىتى پىرئەۋن شۇ دەريادا ھالاك بولغانىكەن.

فارس دېڭىزى ئۇ «بەسرە دېڭىزى، ئۇمان دېڭىزى، ھىندى دېڭىزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇ شەھەرلەرنىڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. ئۇ ناھايىتى خەيرلىك ۋە بەرىكەتلىك دېڭىز بولۇپ، سۈيىنىڭ ھەرىكىتى ۋە دولقۇنى ئاز. تىجارەت، جاۋاھىراتلار تولا. ئىككى يېرىدە تاش بولۇپ، بىر قايىنام بار، كېمىلەر بېرىپ قالسا نىجاتلىق تاپالمايدۇ.

ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ھىندى دېڭىزى ھىندى زېمىنىدا بولۇپ، ئۇمۇ مۇھىت دېڭىزىنىڭ تارمىقىدۇر. ئۇنىڭدا ئاۋات ئاراللار بار. سەرەندىپ ئارىلىمۇ شۇ دېڭىزدا. بەزى ئاراللىرىدا ئالتۇن، كۈمۈش، لەئلى ۋە باشقا جاۋاھىراتلارنىڭ كانلىرى بار.

بەھرى ئەخسەت (يېشىل دېڭىز) ئۇ ھىندى شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ چېتىدە. ئۇمۇ مۇھىت دېڭىزىنىڭ تارمىقى بولۇپ، چىنماچىننىڭ شەھەرلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا. ھىندى خەلقى شۇ دەريا بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئاراللىرىدا ياقۇت كانلىرى بار.

ئەندەلۇس دېڭىزى ئۇ مەغرىب دېڭىزىنىڭ تارمىقى. دەقيانۇس دېڭىزى، «بەھرى تۇلانى»، يەنى ئۇزۇنچاق

دېڭىز دېيىلىدۇ. بۇ دېڭىزنىڭ كەڭلىكى ئىككى يېرىم پەرسەڭ كېلىدۇ. ئۇ ئازەرنىش دېڭىزى، شام دېڭىزىنىڭ تارمىقىدۇر. قۇستەنتەنىيىەنىڭ سودىگەرلىرى بۇ دېڭىزدا تولا سەپەر قىلىدۇ. ئۇ مۇھىت دېڭىزىغا تۇتاش ئەمەستۇر.

يۇنان دېڭىزى ئۇ شام دېڭىزىنىڭ تارمىقى بولۇپ، قەدىمكى يۇنان زېمىنى ھازىر شۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا. شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بۇ دېڭىزدا يۈرگەن كېمىلەر يۇنان شەھىرىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئۈچ ـ تۆت يىل بۇرۇنقى ئىشلار كېلىدۇ. چۈنكى، شۇنداق بولۇش شۇ جايلارنىڭ خاسىيەتلىرىدىن. بۇ دېڭىزدا 62 ئاۋات ئارال بار.

سۇق دېڭىزى بۇ نەبتىش دېڭىزىنىڭ تارمىقى بولۇپ، بۇلغار ۋە كەمەك شەھەرلىرىدە ئاخىرلىشىدۇ. قىرغىقىدا پەرەڭلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى كۆپ خەلقتۇر. ئۇنىڭدا چوڭ شەھەرلەر بار.

خەنەج دېڭىزى چوڭ دېڭىز بولۇپ، تۈركىستان ۋىلايىتىدە. پەزىلەتلىك ئۆلىمالارنىڭ تولىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەفراسىياپ كەيخىسرەۋنىڭ قولىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنى شۇ دەرياغا تاشلىغان. كەيخىسرەۋ ئۇنى ھىيلە بىلەن تاشقىرىغا چىقىرىپ قىساسقا بۇيرۇغان.

ئالماس دېڭىزى ئۇ ئالماس چىقىدىغان باياۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئىچىدىكى ئاراللاردىن ئالماس چىقىدىغان بولۇپ، تەستە قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ يولى ناھايىتى خەتەرلىك.

شىمال دېڭىزى ئۇ شىمال تەرەپتە، شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئاستىدا. تېگى مەلۇم ئەمەس. دەرياغا كېمە سېلىنسا سۇ داۋالغۇپ دولقۇنلاشقا باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن سودىگەرلەر ئۇنىڭغا كېمە سالمايدۇ. ئۇنىڭدا سۇ ئادەملىرى تولا.

بەھرى سەھاب زەنگىبار دەرياسىنىڭ تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەممىشە تۇتۇن، بۇس ۋە تۇمان ئۆرلەپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەھرى سەھاب (بۇلۇت دېڭىزى) دېيىلگەن.

مەزالىم دېڭىزى مەغرىبنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ دېڭىز. ياقۇت ئارىلى شۇ دېڭىزدا. بۇ دېڭىز ئەقۋاق شەھىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن باشلىنىپ يەجۇج مەجۇجنىڭ شەھەرلىرىگىچە سوزۇلىدۇ.

## رۇبئى مەسكۇندىكى كۆللەرنىڭ مەشھۇرلىرىنىڭ بايانى

جابىرتىس كۆلى ئۇزۇنلۇقى مەغرىبتىن مەشرىق تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان، تاكى قۇستەنتەنىيىەنىڭ چېگراسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. مىسىرنىڭ ئەتراپىدا شام دېڭىزىغا ئۇلىنىدۇ.

خارەزمى كۆلى شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 90 پەرسەڭ. جەيھۇن ۋە سەيھۇنلارنىڭ ئېرىقلىرى شۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. سۈيى ئاچچىق. ئۇنىڭدا سۇ ھايۋانلىرى ئاز.

تەبەرىيىە كۆلى شام زېمىنلىرىغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئايلانمىسى 70 پەرسەڭ. 12 ئارىلى بار.

كەلكۆي كۆلى چىن ـ ماچىن شەھەرلىرىگە يېقىن. ئۇزۇنلۇقى 70 پەرسەڭ. ئۇنىڭدىمۇ 12 ئارال بار. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەردە ئىسلام دىنى يوق.

ئەرزىن كۆلى ئەزەربەيجان چېگراسىدا. ئۇ جايلاردا بىر خىل بېلىق بولۇپ، ئەترەنج بېلىقى دېيىلىدۇ. بۇ بېلىق شۇ يەردىن ئالەمنىڭ ئەتراپلىرىغا تارقىلىدۇ. ئۇستىخىنى بولمايدۇ، گۆشى ناھايىتى لەززەتلىك، تەملىك ۋە چۈرۈك بولىدۇ.

تىير كۆلى شام چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تاغ ئارىسىدا توختاپ قالغان سۇدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە خېلىلئاباد دېگەن شەھەرنى بىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن «خېلىلئاباد» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.

قەلمە كۆلى ئۇ رۇم چېگراسىغا جايلاشقان. خەلقى مۆمىن، كوپپار دەپ ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىدۇ. كوپپارلار مۆمىنلەرگە جىزيە ۋە خىراج تۆلەيدۇ.

مەسۋان دېڭىزى ئۇمۇ رۇم چېگرىسىدا. ئۇزۇنلۇقى 12 كۈنلۈك يولدۇر. ئۇنىڭدا بىرقانچە ئاۋات ئارال بار. قاما، بۇلغۇن دېگەن ھايۋانلار شۇ كۆلدىن چىقىدۇ.

ھىيلىس كۆلى بۇ كۆل مىسر زېمىنىدا بولۇپ، رۇم دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ سۈيى كۆپەيسە ئۇنىڭ سۈيى تاتلىق، خوش تەم بولىدۇ؛ كېمەيسە تۇزلۇق، ئاچچىق بولىدۇ. ئۇنىڭدا بىر خىل بېلىق بولۇپ، كىشى گۆشىنى يېسە خوش مىزاج، زېرەك بولىدۇ. يەنە بىر خىل بېلىق بولۇپ، كىشى ئۇنىڭدىن يەپ ئۇخلىسا قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ سورەن ـ چۇقان قىلىدۇ.

لوقمان كۆلى لوقمان ھېكىم شەھىرىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭدا بەش ئارال بار. خەلقى ئوتپەرەس، يەھۇدىيدۇر. قىزىل تۈلكە شۇ يەردىن چىقىدۇ.

ئەقسانىيە كۆلى بۇ دەريا شام چېگراسىدا. چوڭقۇرلۇقى نامەلۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر پادىشاھ بۇ كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلمەكچى بولۇپ، كېمە بىلەن كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تانابنىڭ ئۇچىغا لەڭگەر باغلاپ سۇغا تاشلىغان، تاناب ئاخىرىغا يەتكەندىن كېيىن شۇ تەرىقىدە 4000 گەز تاناب تۈگىگەن بولسىمۇ، تاناب كۆلنىڭ تېگىگە يەتمىگەن، پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ بۇ ئىشتىن قولىنى يىغقانىكەن.

ماسۇيە كۆلى پارس كۆللىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆلنىڭ ئايلانمىسى 20 پەرسەڭ كېلىدۇ.

تارخان كۆلى تۈركىستان چېگراسىدا. كۆلنىڭ ئايلانمىسى تۆت پەرسەڭ يول، سۈيى ئىسسىق.

نىيلى كۆلى خەتتى ئۇستۇۋانىڭ جەنۇب تەرىپىدە. ئۇزۇنلۇقى 40 پەرسەڭ.

زەررە كۆلى «ئەھرىمەن» كۆلىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 40 پەرسەڭ.

ئەرمەنى كۆلى «ھەزەر» دېڭىزى بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ چېگراسىدا. ئۇزۇنلۇقى 80 پەرسەڭ. سۈيى ئاچچىق. ئۇنىڭدا ئاراللار بار بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئاراللاردا تاتلىق سۇلارمۇ بار، سۈيى تاتلىق بولۇپ، ئاجايىپ شەكىللىك ھايۋاناتلارمۇ بار.

فەرغانە كۆلى ئۇ «بۇھەيرەئى كۈچىك» دەپ ئاتالغان كۆلنىڭ شىمال تەرىپىدە. ئۇنىڭ بىر بۇرجىكىدە قارا سۇ، يەنە بىر بۇرجىكىدە ئاق سۇ بار بولۇپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ھەرگىز ئارىلاشمايدۇ. قارا سۇ بىلەن تۇپراقنى لاي قىلىپ ئاپتاپتا قويسا تاشقا ئايلىنىدۇ. بۇ دەريا ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، بىر پادىشاھ 12 مىڭ گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىنى ئۇلاپ تاشلىغان بولسىمۇ تېگىگە يەتكۈزەلمىگەن. ئەمما، سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تۆت گەز چوڭقۇرلۇقىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دۈشمەنلەر پادىشاھ كەيخىسرەۋنىڭ تەختى ۋە جامى جاھاننەمانى ئالماقچى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ كۆلگە تاشلىۋەتكەنىدە

سۇزۇۋېلىشقا ھېچكىم ئىمكان تاپالمىغانىكەن.

ملەنجەر كۆلى ھەزەر دىيارىدا بولۇپ، دائىرىسى 120 پەرسەڭ. نۇشىرۋان تۈركلەرنىڭ بېسىپ كېلىپ بۇ كۆلنىڭ خەلققە زىيان يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چۆشىدە كۆرگىنى بويىچە سېپىل ياسىغان.

ئەرجس كۆلى چېگراسىدا ئىككى پادىشاھ بار بولۇپ، كۆلدىن چوڭ بېلىقلارنى سۇزۇۋالىدۇ.

ئەزئەن كۆلى ئۇ پەلەستىن دىيارىدا بولۇپ، ئەزئەن دېگەن شەھەرگە يېقىن. بۇ شەھەر بەش چوڭ شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەزرىتى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى شۇ يەردە دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ بالادىن خالاس بولغان.

مەكران كۆلى بۇ كۆل سىند شەھىرىنىڭ چېگراسىدا بولۇپ، ھىندى دىيارىدا ئاخىرلىشىدۇ.

رۇم كۆلى بۇ كۆل مەبئە شەھىرىدىن ئۈچ پەرسەڭ يىراقلىقتا. ئارىسىدا ئۈچ چوڭ تاغ بولۇپ، خەلققە بىرەر قورقۇنچ يۈزلەنسە، ھەممە نەرسىسىنى كېمىگە سېلىپ كۆلدىن ئۆتۈپ، تاغنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالسا ھېچكىم بۇلارغا قول سوزالمايدۇ.

ئەخلات كۆلى بۇ كۆلدە ئىككى ئاي بېلىق پەيدا بولىدۇ، يەنە ئىككى ئاي بېلىق پەيدا بولمايدۇ. بۇنىڭ سىررىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

دەشت ئەرزەن كۆلى ئۇزۇنلۇقى 10 پەرسەڭ. سۈيى كۆپىيىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدا ئىمارەتلەر تولا، ئېكىنزارلىقلارمۇ بار.

جەردۇن كۆلى مەغرىب زېمىنىدا بولۇپ، ناھايىتى چوڭقۇر. كەئەبۇل ـ ئەھبار ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ ھەزرىتى ئەلى ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدا بىر ئادەم بۇ كۆلگە چۆشۈپ كەتكەنىكەن، ھازىرغىچە ئۈچ ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىسىگىچىمۇ چۆكمەپتۇ. بۇ سۆزگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، ئەمما مۆتىۋەر كىتابلاردا بايان قىلىنغان بولۇپ، گۇمانلىنىشقا ئامال يوق. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

كور كۆل ئۇ جەتتى ئۇستۇۋانىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق. ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئېقىن ئېقىپ تۇرىدۇ.

سۇدان كۆلى مەغرىب زېمىنىدا بولۇپ، يامغۇر سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان.

تەبەرىيە كۆلى ئۇنىڭغا ئىككى دەريا قوشۇلىدۇ.

بابناس كۆلى دەمەشق شەھىرى ئۇنىڭ قىرغىقىدا. ئۇنىڭدىن بىر دەريا ئېقىپ تەبەرىيە كۆلىگە قوشۇلىدۇ.

قۇددۇس كۆلى چوڭ كۆل بولۇپ، ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۇ كۆلگە تاشتىن كۆۋرۈك سالغان. ئۇزۇنلۇقى 287.5 گەز، كەڭلىكى 18.5 گەز كېلىدۇ.

ئەنتاكىيە كۆلى ئۇ ئەنتاكىيە بىلەن ھەلەب شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا.

بۇ ھەيرەئى ئابى بەدبۇ (سېسىق كۆل) ئىراق بىلەن ئەرەبىستان ئارىلىقىدا. كۆل دەجلە بىلەن پۇرات سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا، ئەجمەلخان ھەبىبۇللاھاجى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا)

غىياسىددىن

# مىرئاتى شەرئ *

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

كۆنۈن ۋەسفى ئىلمىن بەيان ئەيلەيىن،
خەۋاسىنى ئەندەك ئەيان ئەيلەيىن.
تەلەب ئەتمەكى ئىلمنى پەرزدۇر،
ئەرۇ خاتۇنە لازىمۇ قەرزدۇر.
شەھ ئولسۇن، گەدا، خاھى خاتۇنۇ ئەر،
قۇلۇ خاجە، خاھى غەنى، خاھى فەقر.
نەئىشكى مۇسۇلمانگە بار فەرزى ئەين،
ئانى ئىلمى ھەم فەرزدۇر مىسلى دەين.
نەئىشلەركى ۋاجىب ئېرۇر شەرئ ئارا،
ئانى ئىلمىنى ۋاجىب ئەتتى خۇدا.
سۇنەن ئىلمى سۇننەت ئەدەبغە ئەدەب،
مۇباھغە مۇباھ، مۇستەھەب مۇستەھەب.
ھەرامىيكى قەتئىي، ئانى بىلمەكى
ئېرۇر فەرزى قەتئىي، ئاڭا يوق شەكى.
ھەرامىيكى زەننىي ئېرۇر شۇبھەۋار،
ئانى ئىلمى ۋاجىب قىلىپ كىردىگار.
نە مەكرۇھدۇر ئىلمى سۇننەت ئېرۇر،
بۇ سۆزلەر بىلاشەكۇ شۇبھە ئېرۇر.
يەنە باتىن ئەخلاقىنى ئىلمى ھەم،
ئېرۇر فەرز چۇن جۇدۇ ھىلمۇ كەرەم.
قەنائەت، تەۋازۇئ، رىزاۋۇ سەخا،
ئىنابەت ھەمە ۋەقت شەرمۇ ھەيا.

يەنە سىدقۇ ئىخلاس، ئەھدۇ ۋەفا،
نە كىم كەلسە جان بىرلە بولماق رىزا.
بۇ ئەۋسافە مەۋسۇف بولماقلى فەرز،
مۇقابىللارىغە قۇتۇلماقلى فەرز.
مۇقابىللارى ھىرسۇ كىبرۇ دەغا،
ھەسەد، بۇخلۇ تەسلىم قىلماي قەزا.
فەرىبۇ تەمەئ، سۆزى بولسە دۇرۇغ،
يۈزىدە خۇدا نۇرىدىن يوق فۇرۇغ.
بۇلار بىلمەكى فەرز تاكىم بىلىپ،
بارىدىن كىشى ئۆزنى خالىي قىلىپ.
مۇسۇلمانكى بار خاھى خاتۇنۇ ئەر،
تەلەب ئەيلەسە ئىلمۇ بۇ تەرز دەر.

* * *

سەۋابىغە يوقدۇر نىھايەت پەدىد،
خەۋاسىغە يوق ھەددۇ غايەت پەدىد.
كىشى ئىلمىغە سەرپ ئېتەر بىر كۈنى،
بۇ شۇغلىغە ئول كۈن نې ئەيلەر تۈنى.

* * *

بىرەر تەڭگە كىم ئىلم ئۈچۈن سەرف ئېتەر،

* بىشى ئۆتكەنكى سانىدا

كى مىڭ تەڭگە گويا خۇدايى بېرەر.
بىرەر يول پۇكۇپ تىز كىشى ئىلىم ئۈچۈن،
مۇئەللىمنى ئالدىدە قىلسە سۇكۇن،
قىيامەتتە مىڭ تەۋقى ئەنۋارىدىن
تۇشەر بوينىغە فەزلى جەببارىدىن.
كىشى بىر يەرە ئىلمۇ ئوقۇرغە بارۇر،
ئاياغىنى قويماق ئۈچۈن كۆتۈرۇر.
ھەنۇز يەرگە قويماي تۇرۇپ ھەر گۇناھ،
تۆكۈلگەي چۇ كۇز ۋەقتى بەرگى گىياھ.
كىتابىيكى ئەسلىي شەرىف زاتدۇر،
مۇبارەك ئاتى ئانى «مىشكات»دۇر.
دەر ئاندا: چىقار خاھ ئەر، خاھ خاتۇن،
ئۆيىدىن تەلەب ئەتكەلى ئىلىم ئۈچۈن،
يەرۇ كۆك تەمامىي مەلائىكلارى،
قاناتىن پاياندار ئەيلەر بارى.
قاناتلارىن ئۈستىغە قويغاي قەدەم،
كۆرۈڭ بۇ سەئاداتىفەزلۇ كەرەم.
يەنە دېدى ھەر نەرسەكىم جانى بار،
خۇدانى تانىمەكلىك ئىمكانى بار.
نەكىم يەردە يۇرغاي، قۇشىيكىم ئۇچار،
بۇ دەريالار ئىچرە بالىقلاركى بار.
تىلەرلەر خۇدادىن گۇناھىن ئانىڭ،
بىھىشت ئىچرە كىرمەققە راھىن ئانىڭ.
رەسۇل ئايدىلار: كىمسە ۋەقتى تەلەب،
كېلىبان ئەجەل، كەتسە بائەمرى رەب.
تۇرار ئەنبىيا رۇتبەسىغە يەقىن،
كۆرۈڭ ئىلىم ئوقۇماقىنىڭ خاسىيەتىن.

* *

دېدىلەر خەبەردەر رەسۇلى خۇدا:
ئېرۇرمەن ئۇشۇل ئۇممەتىمدىن رىزا.
كى ئىكرام ئېتەر تالىبى ئىلملار،
بۇ ئىكرامدىن جايى جەننەت بولار.
يەنە ئايدىلار: ئالىمىينى ئەگەر،
قايۇ مۇسلىمىيكىم زىيارەت ئېتەر.
كى گويا زىيارەت قىلىپدۇر مېنى،
ئۆزۈم بىرلە جەننەتكە ئىلتكۇم ئانى.
يانا ئايدىلار ھەر كىشىكىم ئەگەر،
قىلۇر ئالىمىينى يۈزىگە نەزەر.
قىلىپ گويىيا تائەت ئاتمىش يىلە،
كېچە ئۇخلاماي كۇندۇزى سەۋم ئىلە.
يەنە ئايدىلار: ھەر كىشى بىر كۇنى،
ئېتىپ ئالىمىي خىزمەتىن تا تۇنى.
كى گويا خۇداۋەندەغە مىڭ يىل،
تۇنۇ كۇن ئىبادەت قىلىپدۇر دېگىل.
تاپار مىڭ شەھىدنى سەۋابىنى ھەم،
بىلەلمەس سەۋابىن ھىسابىنى ھەم.
يەنە ئايدىلار: ئالىمىينى كىشى،
قىلىپ تەركى تەئزىم، خار ئەتمىشى.
قىيامەت كۇنى كىم، بولۇر نەفھى سۇر،
يۇرەر يانچىلىپ تەھتى پا مىسلى مۇر.
ئەگەر ئۆلسە بىر ئالىمىي ناگەھان،
ئاڭا يىغلاغاي يەر بىلەن ئاسمان.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدا: ھەر كىشى
ئەگەر ئالىم ئۆلگەندە غەم يېمىشى.
بېرۇر ئول كىشىگە خۇدايى جەھان،
سەۋابى مىڭ ئالىم ئەمەل ئەيلەغان.
يەنە مىڭ شەھىدنى سەۋابىن بېرەر،
خۇداۋەندى ئالەم ئانى دوست تۇتار.
يەنە ئايدىلار ھەزرەتى مۇستەفا:
كىرەر ئالىمىي شەھر، يا دېھ ئارا
نە سۇ ئىچسە ئاندە، نە يېسە تەئام،
چىقىپ كەتسە زۇد، ئاندا ئەتمەي مەقام،
خۇداۋەندلەرنى گۇرىستانىدىن
ئەزابىنى ئالار قىرىق يىل بىل يەقىن.
ئەگەر ئىززەت ئەيلەپ تائام بەرسەلەر،
ئەزابى قەبۇر قىرىق يىللار كېتەر.
بۇ سۆزلەر بارى ئەۋۋەلۇ ئاخىرىن،
«رىياز ناسىھىن» ئىچرە باردۇر يەقىن.
يەنە كۆپ كىتابلاردا ھەم بار سەرىھ،
ئېرۇر بارچەسى مۇئتەبەر ھەم سەھىھ.

* *

كەل، ئەي مۇئمىن، ئەت خۇب ئەخلاقىڭى،
ئۆزۈڭدىن رىزا ئەيلە خەللاقىڭى.
مۇسۇلمانچىلىق زىينەتى خۇلقى خۇش،
مۇسۇلمانچىلىق قۇۋۋەتى خۇلقى خۇش.
ئەگەر بار گۇناھ كىمدە تاغدىن ئاغىر،
چۇ ئوت قارنى يەر خۇلقى خۇش ئانى يەر.
يامان خۇلقى تائەتنى نابۇت ئېتەر،
يامان خۇلقە تائەت قاچان سۇد ئېتەر.
دېدى شەيخ سەئدىئى شىرىن مەقال:
بېھىشت ئىچرە بەدخۇي كىرمەق مەھال.
ئەگەر كىرسە ھەم ئول يامان خۇ ئىلە،
نە سۇد، چۇنكى دەۋزەخ ئىچىندە بىلە.
جەھان فەخرى ھەزرەت ئەلەيھىسسەلام،
چۇ خۇيى خۇبۇ خۇشدە ئېردى مۇدام.
يامان ـ ياخشىغە خۇش تەكەللۇم ئىدى،
ھەمىشە لەبىدە تەبەسسۇم ئىدى.
چۇ خۇشلىقدە دائىم ئىدى مۇستەقىم،
خۇدا دېدى قۇرئاندە خۇلقىن ئەزىم.
كىشى غەيبەتىن ئەيلەمەك ھېچ گاھ،
كى غەيبەتداغىن يوق قەباھەت گۇناھ.
ئۇشۇلدۇر شەرىئەتدە غەيبەت دېگەن،
كىشى يوقىدە ۋەسفىن ئەتسە بەيان؛
كى گەر ئۆزىگە دېسە ناخۇش تۇتار،
نەسەب يا بىر ئۇزۋىنى بىل ئەيب ئېتەر.
ۋە يا ھەۋلىسىنى ۋە يا ئاتىنى،
لىباسىنى، يا مالى، يا زاتىنى.
بۇ غەيبەت گۇناھى زىنادىن بەتەر،
سەۋاب ئىشلارىڭ ئول كىشىگە كېتەر.
گۇناھى ئانى ساڭا كەلگەي تەمام،
يەنە يېدىڭ ئول كىشى گۇشتىنى خام.
ۋە لېكىن ئەگەر بولسە فاسىق كىشى،
ئاڭا غەيبەت ئولماس دېسەڭ قىلمىشى.
بەشەرت ئولكى فىسقىنى غەيبەتلەسەڭ،
سەۋاب بەلكى بولغاي نېچەكىم دېسەڭ.
ئەگەر ھەر كىشى فىسقى ئەيلەر ئەلەن،
ئانى غەيبەتى پاك ئەيلەر دەھەن.

* *

يەنە ئەيلەمەك سۆزنى كىزبۇ گەزاب،
گۇناھى كەبىرە ئېرۇر بى خىلاف.
ھەمە دىندە يالغانچىلىقدۇر ھەرام،
ھەزەر ئەيلەمەك فەرز باردۇر مۇدام.
بولۇر راست ئىككى جەھان رەستەكار،
بولۇپ قەلبى گەززاف ھەم شەرمسار.
قىيامەتتە كۆپ نەفئ ئېتەر راستلىغ،
ئەزابى جەھەننەم دەفئ ئېتەر راستلىغ.
سۆزۈڭ راست دە، راست بول، راست يۇر،
كۆڭۈل راست قىل، راست بار، راست يۇر.
چۇ نەي راستدۇركىم، شەكەر خامىيدۇر،
شەكەرغە باشىدىن ئاياغ جايىدۇر.
ئەگەرچەند گۇل زىينەتى باغدۇر،
ۋەلىي بەرگى سۇرەتدە كەجراغدۇر.
بۇ ۋەجھدىن تىكەن بىرلە سۇھبەت ئېتەر،
ئاياغ سارىدىن خار زەھمەت ئېتەر.
چۇ سىدق ئەتتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام،
ئاتى چىقتى سىددىقلىققە تەمام.
يەنە مىسر تەختىدە سۇلتان بولۇپ،
سەرىر ئۈزرە مەسجۇدى ئىخۋان بولۇپ.

* *

كەل ئەي بەندە دائىم تەۋازىئلى بول،
بۇ ۋەسف ئىلە تاپقۇڭ مۇرادىڭغە يول.
كىشىكىم تەۋازىئنى لىللاھ ئېتەر،
مەقامى ئەلا چىققالى راھ ئېتەر.
تەۋازىئدە ئادەم ئەلەيھىسسەلام،
دېدى: نەفسىمە زۇلم قىلدىم تەمام.
بۇ ئەشكەستەلىق قىلدى چۇن ئول رەسۇل،
خۇدا مۇزدە بەردىكى تەۋبەڭ قەبۇل.

تەكەببۇر چۇ شەيتان لەئىن قىلدى فاش،
باشى ئۇزرە ھەق قەھرىدىن ياغدى تاش.
دەرەختىكى كۆپ ھاسىلۇ مىۋەسى،
باشىنى قويى ئەيلەمەك شىۋەسى.
تىرەكنى كۆرۈڭ باشى يوقارىيدۇر،
گۇلۇ ھاسىلۇ مىۋەدىن ئارىيدۇر.
تەكەببۇر كىشى رۇتبەسىن پەست ئېتەر،
زەلالەت مەقامىدا پابەست ئېتەر.
تەكەببۇر قىلان ئەلنى مەھشەر ئارا،
كەتۇرگەيلەر ئول دارى داۋەر ئارا.
ئاياغ ئاستىدە مۇردەك يانچىلىپ،
ھەممە ئۇزۋىغە خارۇ خەس سانچىلىپ.
دېدى ئول رەسۇلى نەبىيۇ ۋەلىي:
تەكەببۇر قايۇ دىلدا بار خەردەلىي.
بىھىشتى بەرىندىن بولۇر بىنەسىب،
غەزەپ ئەتكەي ئاڭا خۇدايى رەقىب.
قايۇ باش كۆتەرسە نې ئاسا بەلەند،
سالۇر دەھر ھەر ئۇزۋىغە بەندۇ بەند.
كىم ئول دانەدەك قىلدى تۇپراغدە جا،
كۆتەرىپ ئېتەر سەبزە خۇررەم خۇدا.

* *

قەنائەت مۇسۇلمانغە لازىم ئېرۇر،
سەئادەتلىك ئاڭا مۇلازىم ئېرۇر.
قەنائەتلىك ئازادەئى شاھدۇر،
تەمەئلىك كىشى خارۇ گۇمراھدۇر.
دېدى ئول رەسۇلى خۇدايى جەلىل:
ئېرۇر قانىئ ئازادە، تامىئ زەلىل.
ئۇچار قۇشلارۇ يەر ئۇزە مۇرۇ مار،
پەرەندە، چەرەندە، نەكىم جانى بار.
ھەمە رىزقىغە ھەق كەفىلۇ ۋەكىل،
فەنىئمەل ـ ۋەكىلۇ ۋەنىئمەل ـ ۋەكىل.
كىشىگە خۇدادەك كەفىل بار ئېسە،
نە شەرمەندەلىقكى تەمەئ ئەيلەسە.
نەكىم بەردى ھەق، ئاڭا خۇرسەند بول،
قەنائەتنى قەيدىغە پابەند بول.

* *

ئىشىتتىمكى چۇن زاغ تۇغسە ۋەلەد،
بەھەددى بولۇر بالەسى زىشتۇ بەد.
قاچىپ كەتكەي ئاندىن بىر ئاي ئانەسى،
نە سۇ بەرگەي ئول ئايدا نە دانەسى.
بىرەر يول ئانى ئالدىغە كەلمەگەي،
ئۆلۈك يا تىرىك بارىنى بىلمەگەي.
ئۇشول ئايدە رەززاقى رىزقىن بىرەر،
قىلۇر تەربىيەت ئانەسى تا كېلەر.
كىتابلار ئارا بۇ مۇقەررەر ئېرۇر،
ھەدىسى رەسۇلدىن مۇئەببەر ئېرۇر.
كىشىكىم بىرەر كۈن يېمەقلىق تەئام،
تاپىلسەكى قۇت ئەيلەسە سۇبھۇ شام.
كىشىدىن ھەرامدۇر تەمەئ ئەيلەمەق،
تەمەئ بىرلە ھەرنەكى ئالىپ يېمەق.
نەكىم جەمئ ئەيلەر تەئام ئەيلەبان،
جەھەننەم ئۇتىدۇر يىلانۇ چايان.
كىشى خەلقدىن بىر دەرەم گەر تىلەر،
خۇدا ئاڭا يەتمىش فەقىرلىق بېرەر.
بۇ سۆزلەر ئېرۇر «بەھر رايىق» ئارا،
يەنە «كەنزى رەمزى ھەقايىق» ئارا.

* *

مۇسۇلمانلەرە سەبردۇر ۋەسفى خۇب،
سەۋابى ئانى بىھەدۇ فەزلى كۆپ.
كىشى سەبر ئەتسە مۇسىباتغە،
جەزەئ قىلماسە يەتكەن ئافاتغە.
سەۋابىن خۇدا بىنىھايەت بېرۇر،
ئەۋەزلەر بىلە ھەددۇ غايەت بېرۇر.
چۇ سەبر ئەتتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام،
تاپىپ جۇملە مەقسۇدىنى با تەمام.
بېرىپ مۇژدە سابىرلەرىغە يەقىن،
دېدى: «ئىننەرەببىك مەئەس ـ سابىرىن»
چۇ نۇھ ئەتتى سەبر ئەيلەمەكنى شىئار،

مۇرادىغە يەتكۈردى پەرۋەردىگار.
خەلىل ئەتتى نەمرۇد ئوتىغە شەكىب،
ئول ئوت ئەتتى بوستان رەببى مۇھىب.
چۇ سەبر ئىچرە ئىسمائىل ئولدى مۇقىم،
فىداسىغە ھەق بەردى زەبھى ئەزىم.
چۇ سەبر ئەتتى يەئقۇبكىم ماھۇ سال،
كۆرۈپ يۇسۇفىن، تاپتى ئاخىر ۋىسال.
چۇ يۇسۇف ئېتىپ سەبر زىندانۇ چاھ،
بولۇپ مىسىر مۇلكى ئارا پادىشاھ.
سەبۇر ئولدى مۇسا ئەلەيھىس ـ سەلات،
بولۇپ دۇشمەنى غەرق دەريايى مات.
شەھى تەختى لەۋلاككە دەريايى نۇر،
قۇرەيش خەلقى جەۋرىغە بولدى سەبۇر.
ھەمە خەلق شاھەنشەھى قىلدى رەب،
ئالىپ بارچە ئەلنى ئەجەم تا ئەرەب.
بولۇپ سەبردىن بارچە كامى رەۋا،
نەكىم بار مۇرادىنى بەردى خۇدا.
چۇ لەئل ئەتتى تاش ئىچرە سەبرى جەمىل،
ئانى پۇر بەھا قىلدى رەببى جەلىل.
كىيىك سەبر ئىلە قىلدى قانىنى خۇشك،
خۇدايى تەئال ئەتتى نافىنى مۇشك.

* *

مۇسۇلمان كىشى سەببۇ دۇشنامدىن
ھەزەر ئەيلەسۇن خاس ئىلە ھامدىن.
دېدى ئول سىپىھرى رىسالەتتە ماھ،
ھەببى ئىلاھۇ شەفىئى گۇناھ:
كىشىكىم مۇسۇلماننى سەب ئەيلەگەي،
ھەمانا ئانى قەتل ئېتىپ تاشلاگەي.
گۇناھدە بارابەر ئېرۇر قەتلۇ سەب،
بۇ سۆز نەفسى «مىشكات»دىن قىل تەلەب.
يەنا بار كىتابلاردا كىم زالىمىي،
زىنا ئەيلە دەپ گەر ئېتەر مۇسلىمىي.
ۋەيا خەمرە ئىچلەر، سۆزۈم قىلماسەڭ،
مۇقەررەر كىپسەرمەن باشىڭ بىدەرەڭ.
بۇ سۇرەتدە قىلسۇن زىنا خەمر ئىچىپ،
ئوتۇرسۇن ئۆلۇمدىن ئۆزىن قۇتقارىپ.
ۋە ئەمما ئەگەر گەر ئېتەر سەب ئۇچۇن،
كى يەئنى فەلاننى سەب ئەت بۇ كۈن.
ئەگەر ئەتمەسەڭ قەتل ئېتەرمەن سېنى،
گۇمانسىز بۇ دەم ئۆلدۇرۇرمەن سېنى.
ئۆلۇم ئىختىيار ئەيلەسۇن بۇ كىشى،
بەزىنھارى سەب قىلماسۇن ئول كىشى.
كى مۇئمىننى دۇشنام ئەتكەن گۇناھ،
زىنا قىلماقۇ خەمر ئىچەردىن تەباھ.
يەنە بار كىتابلاردا كىم مۇئمىنى،
چۇ دۇشنام ئېتەر، بىل گۇناھىن ئانى؛
كى گويا ئۆزىن ئانەسىنى زىنا
قىلان بولسە يەتمىش يولى بىئىبا.

* *

كەل، ئەي مۇئمىن، ئىسلامدا بول ئۇستۇۋار،
خىلافى شەرىئەتدىن ئەتكىل كەنار.
نەكىم ئەمر قىلدى خۇداۋۇ رەسۇل،
ئانى جانۇ دىل بىرلە ئەيلە قەبۇل.
شەرىئەتدە ھەر كىم بولار مۇستەقىم،
قويۇپ نەھيى ئەمرىدە بولغاي مۇقىم.
چۇ ئۆلمەك مۇقەررەردۇرۇر بىگۇمان،
جەھاندا نە ياخشى قالۇر، نە يامان.
ئو شۇنداغ كىشىدۇر سەئادەت قەرىن،
كى فىكر ئەيلەگەي دائىما ئۆلمەكىن.
نە بىر مەرگنى بىلكى يۈز ھادىسات،
يول ئۇزرە تۇمەن ۋەقىئەئى ۋاقىئات.
كى بار ھەر مەقامدە سۇئالۇ جەۋاب،
ھەلالە ھىسابۇ ھەرامە ئەزاب.
ئۆلەر ۋەقتكىم كەلسە شەيتان لەئىن،
تۇمەن رەڭگۇ رىۋ ئىلە ئەيلەپ كەمىن.
قىلۇر ھىيلەلەر قەستى ئىمان ئۇچۇن،
تۇرار ئەزرائىل ئالگەنى جان ئۇچۇن.
بىرى قەستى جان، بىرى ئىمان ئېتەر،

كېتىپ ھوشىمىز، ئەقىل ھەيران ئېتەر.
ئالىپ چۈن بارارلار گۆرىستان سارى،
ۋە يا ئوتۇ يا باغۇ بوستان سارى.
بولۇر قەبر كىمگە بېھىشتى نەئىم،
كىمە دەۋزەخى پۇر ئەزابى ئەلىم.
سۇئالىكى مۇنكىر، نەكىر قىلسەلەر،
جەۋابىن بېرەر ياكى نادان ئۆلەر.
قىيامەتغەكىم باش كۆتەرساق ھەمە،
رەۋان ھەشرگاھ ئىچرە بارساق ھەمە.
بۇ دۇنيادا ھەر كىم ئېتىپ خەيرۇ شەر،
قىيامەتتە بىر زەررە قالماي كۆرەر.
ئەگەر خەير ئىش ئەتسە تاپگەي سەۋاب،
ۋەگەر ئېرسە شەر فىئلى، كۆرگەي ئەزاب.
تەرازۇيى ئەئمالى ھەم بار سىرات،
كېلۇر نامە ھەر كىمگە بار ئېھتىيات.
خۇدا يارلاقانغە كېلەر راستدىن،
فەۋاسىققە چەبدىن كەمۇ كاستدىن.
ئىكى يول كېلۇر بىرى جەننەت سارى،
بىرى دەۋزەخى پۇر ئەقۇبەت سارى.
كىرەرمىز قايۇ يولغە مەئلۇم يوق،
نېتەرمىز ئۇشول كۈندە مەھرۇم يوق.
بارۇر يولىمىز ئىچرە يۈز مىڭ خەتەر،
بىزىڭدەك گۇناھكار ئول كۈن نېتەر.
بەس، ئەۋلاۋۇ لازىمدۇرۇر ھەر زەمان،
ئالىپ يادىمىزغە، كۆتەرىپ فىغان.
ياقانى تۇتۇپ تەۋبە ئەيلەپ نۇسۇھ،
تۈن ئاخشامدە قان يىغلاسەك تا سۇبۇھ.
يۈرەكنى گۇنەھ خەۋفىدىن قان قىلىپ،
ئىكى كۆزنى غەم بىرلە گىريان قىلىپ.
دېسەك: يا ئىلاھا گۇناھكارمىز،
مەئاسىي مەيى بىرلە سەر شارىمىز.
ئۆتۈپ ئۆمرىمىز ھەيفكىم رايىگان،
ھەۋاۋۇ ھەۋەسلەر بىلە كۆپ يامان.
بىرەر كېچە ئۇيقۇ ھىرام ئەتمەدۇك،
ئىبادەت سارىغە خىرام ئەتمەدۇك.
نەكىم خاھلادى نەفس، قىلدۇك ئانى،
نەكىم دېدى شەيتان، ئىشەندۇك ئانى.
بولۇپ نەفسىمىز شاھۇ شەيتان ئەمىر،
بۇ ئىككىگە بىز بەندە بولدۇك ئەسىر.
قىيامەت كۈنىكىم قاتىغ كۈن ئېرۇر،
ھەمە قەد ئانى خەۋفىدىن نۇن ئېرۇر.
بىلەلمەن نە بولغاي بىزى ھالىمىز،
نېچۈك كەچكەي ئول كۈندە ئەھۋالىمىز.
خۇسۇسەن غىياسىددىننى پۇر گۇناھ،
ئەزىز ئۆمرى ئۆتكەن گۇناھ بىرلە، ئاھ.
قولىدىن بىرەر كەلمەگەي بەندەلىق،
بىساتىدە يوق غەيرى شەرمەندەلىق.
نە بىر كۈن سەۋابى بەپا ئەيلەگەن،
نە بىر كېچە يادى خۇدا ئەيلەگەن.
قىيامەتدە نەيلەر بۇ ئەھۋال ئىلە،
خۇداغە نەدەر بۇ يامان ھال ئىلە.
گور ئىچىندە قويغاندە مۇنكىر، نەكىر،
ئىلىكتە نە بار ھەق تەئالاغا دەر.
قولۇمدە بەغەير ئەز گۇنەھ ھېچ يوق،
بەجىز ھالى زارۇ تەبەھ ھېچ يوق.
گۇناھىمدە يوقتۇر نىھايەت پەدىد،
يامان فىئل ئىلە قەۋلە غايەت پەدىد.
نەكىم مۇندە كەسب ئەيلەدىم خەيرۇ شەر،
ھىسابىنى بىر زەررە قويماي ئالەر.
ئەگەر ئەدل ئېتەر ۋاي ئەھۋالىمە،
قىيامەت ئېلى يىغلاغاي ھالىمە.
ئەگەر لۇتف ئەتسە سازاۋاردۇر،
غەفۇرۇ رەھىم، ھەيىۇ سەتتاردۇر.

## ئىمان سەلامەت ئىلتمەكنى بەيانى

دېدى فەخرى دىن شەيخۇل ـ ئىسلامى ۋەقت،
مۇرىدى ئىدى خاس ھەم ئامى ۋەقت.
بۇخارادە ئېردى يىللار ئول،
قىلىپ ھال ھەم قال تەھسىللار ئول.
دېدى: تۈشدە كۆردۈم رەسۇلى جەھان،
توقۇز يۈزۇ توقسان توقۇز يول ئەيان.

سوئال ئەيلەدىم ھەر كۆرەندە مۇدام،
كى ئەتسەم تىرىكلىكدە نە ئىش دەۋام؟
دېدىلەركى: ھەر كۈن نامازى دىگەر،
ئوقۇغان كېيىن ۋىرد ئېتىلىك، ئەي پىسەر.
ئوقۇلۇق قۇلھۇۋەللاھنى ئون بىر كەرەت،
كى ئىمان سەلامەتغە بولغاي جىھەت.
يەنە ئايدى غەزالىي قۇتبى زەمىن:
كىتابىندەكىم، ئاتىدۇر «ئەربەئىن».
ياتار ۋەقتدە ھەر كېچە مۇسلىمىي،
ئوقۇر سۈرەئى كافىرۇن ئۈچ يولى.
بۇ دۇنيادىن ئىمان سەلامەت كېتەر،
ئۇ دۇنياغە بارغاندا راھەت تاپەر.

## ھەزرەتى رىسالەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمغە سەلاۋات ئايتمەك بەيانى ۋە خەۋاسىدۇر

رەسۇلغە سەلات ئايتمەك كۆپ سەۋاب،
قىلىلىك، ئەي بەرادەر، بۇ ئىشكە شىتاب.
ئىدى بىر كۈنى چىقتى ئۆيدىن رەسۇل،
قىلىپ ئېردى كۆپ ۋەقت خۇشلۇك جۇلۇل.
دېدى كەلدى جىبرىل ئەلەيھىسسەلام،
خۇدادىن كەتۈردى بۇ ياڭلىغ پەيام.
كىشىكىم دېسە ماڭا بىر يول سەلات،
ئاڭا ئون يولى خالىقى كائىنات.
يىبەرۇر ئۆزى فەزلىدىن رەھمەتىن،
تەرەھھۇم ئېتىپ، مەھۋ ئېتەر زىللەتىن.
يەنە بىر كۈنى مەسجىد ئىچرە رەسۇل
ئوتۇرۇپ، ساھەبە ھەمە ئوڭۇ سول.
كىرىپ كەلدى بىر كىشى كۆز تولا ياش،
ئۇرار ئېردى ھەر لەھزە باشىغە تاش.
دېدى: يا رەسۇلى خۇدا، ئەي جەلىل،
گۇناھىم ئاغىر تاغلاردىن سەقىل.
كى يەئنى بەناھەق كىشى قانىنى
تۆكۈپ، تەندىن ئايرۇ ئېتىپ جانىنى.
رەسۇل ئايدىلار: كەت، ساڭا يوق بىھىشت،
ئۇمىد ئەتمە ئول جايى زەررىنە خىشت.
بۇ سۆزدىن بۇ بىچارە ھەيران بولۇپ،
ئېتىپ دادۇ ئەفغانۇ گىريان بولۇپ.
ئۇشۇل دەم خۇدادىن كېلىپ جىبرەئىل،
كەتۈردى خۇدادىن پەيامى جەلىل.
كى ھەر كۈن نەمازى دىگەردىن كېيىن،
دۇرۇد ئايتسا ئون بىر يولى سىدقىدىن.
كېچەر ئول گۇناھىنى رەببى غەفۇر،
ئېتەر ئول دۇرۇد نەفئى يەۋمۇن ـ نۇشۇر.
پەيەمبەرگە ئول دەمكى مىئراج ئىدى،
ئىزى ئەرشلەر باشىغە تاج ئىدى.
دېدىلەر سەماۋات ئارا بىر مەلەك،
بارىركەن باشى فەۋقى يەتتى فەلەك.
باشى بىر ۋە لېكىن يۈزى مىڭ ئىدى،
يەنە ھەر يۈزە ئاغزى مىڭ ئىدى.
ھەر ئاغزىدە مىڭ تىل ئىدى دەرھىساب،
سوئال ئەتتى ئاندىن رەسۇل باشتاب.
كى سىز، ئەي فەرىشتە، سانارسىز نېمە؟
دېدىكىم: بىلەرمەن ھىسابى ھەمە.
قارۇ يامغۇرۇ ھەم دەرەخ بەرگلەرى،
بەيابانۇ ھەم تاغۇ تاشلار بارى.
ۋە لېكىن سىزنىڭ ئۇممەتىڭىز ئەگەر،
دېسە سىزگە بىر يول سەلاتى مەگەر.
سەۋابىن ھىساب ئەيلەرەم تاكى ئون،
بىلەلمەم ئەدەد بولسە ئۇندىن فۇزۇن.
يەنە ھەر كىشى ئەيلەر ئولسە دۇئا،
ئۇمىدىكى بولغاي دۇئاسى رەۋا.
ئەگەر ئەۋۋەل ـ ئاخىر ئايتسە سالات،
ئىجابەت قىلۇر خالىقى كائىنات.
جۇنەيد ئولكى قۇتبى زەمانە ئىدى،
ۋەرەئ بابىدا دىر يىگانە ئىدى.
دېدى: بىر يىگىت ھەجدە كۆردۇم رەۋان،
سەلاتدىن بۆلەك دېمەدى بىر زەمان.
چۇ سوردىم سەبەب نې، دېدى ئول يىگىت:
مۇبارەك قۇلاغىڭ تۇتۇپ سۆز ئىشىت.
بار ئېردى ئاتام ئىككىمىز بىر يولى،
قىلىپ قەسد چىقدۇك سەفەرنى يولى.
بەناگاھ ئاتامنى قازاسى يېتىپ،
تەنى قالدى ئالدىمدا جانى كېتىپ.

چۇ كۆردۈم باشىدىن ئاياغى سىياھ،
بولۇپ سۈرەتى خوكدىن ھەم تەباھ.
چۇ ئاتام ئىدى فىسق ئاغۇشتەسى،
تۇشۇپ بويىنىغە فىسقنى رىشتەسى.
بۇ ھالنى كۆرۈپ تاپتى ھۇشۇم زەۋال،
بۇ ھالەتدە بىر شەخسىي فەرخۇندە فال.
كېلىپ قوللارىن باش ـ ئاياغقە سۈرۈپ،
دۇئا ئايتتىلار يانىدە ئولتۇرۇپ.
ئاتامنى يۈزى ئافتاپدىن بەنۇر
بولۇپ، سۈرەتى خوب گوياكى ھۇر.
دېدىم: كىم سىز، ئەي ھەزرەتى پاك زات،
مۇبارەك جەمالى خۇجەستە سىفات.
دېدىلەر: ئېرۇرمەن رەسۇلى خۇدا،
ئاتاڭ ۋىردى بار ئېردى سۇبھى مەساھ.
سالات ئايتۇر ئىدى ماڭا ھەر زەمان،
چۇ كۆردۈمكى ھالاتى بولدى يامان.
كېلىپ قوللادىم، ئانچۇنىن ھەر كىشى،
سالات ۋىرد ئايتماق ئولسە ئىشى.
بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت قوللاغۇم،
ئاداشسە ئەگەر يولىدىن، يوللاغۇم.
دېدى بۇ ھۇرەيرە ھەدىسى سەھىھ،
رەسۇلدىن رىۋايەت ئېتىپدۇر سەرىھ.
دېدىلەر: كىشى ماڭا پىتكەندە ئات،
رەۋان كەينىدىن پىتسە لەبزى سەلات.
ئۇشول لەبزى تا كاغەز ئۈستىدە بار،
فەرىشتەلەر ئانى گۇناھىن تىلەر.
نە چەندانكى بولسە گۇناھى ئانى،
كېچىپ رەھمەت ئېيلەر ئىلاھى ئانى.

* *

پەيەمبەرغە بولدى سەلات ئەتمەكى،
ئېرۇر ئۆمرىدە فەرزى ئەين بىشەكى.
چۇن ئەۋۋەل ئىشىتسە مۇبارەك ئاتىن،
سەلات ۋاجىب ئېرمىش بەھەر ئەھلىدىن.
مۆكەررەر ئىشىتكەندە ھەر باردۇر،
كى ۋاجىبۇ يا مۇستەھەب باردۇر.
دېدى «بەھرى رايىق»دە ۋاجىب سەھىھ،
«فەتاۋىي»دە ۋاجىب، لېك ئېرمىش سەرىھ.
كىفايەئى شۇئىبدە ۋاجىبنى بىل،
كى ھەر يول ئىشىتكەندە ۋاجىب دېگىل.

* *

دېدى ئاندە بار ئېردى مەردى فەقىھ،
ئانى ئالدىدە بۇ ئەلى بىر سەفىھ.
ئۆزى سالىكى مەئرىفەتلىك ئىدى،
ۋەرەئدە مەلائىك سىفەتلىك ئىدى.
چۇ ئۆلگەندە كۆردىلەر ئەھلى كۇشۇف،
كى بار كوفرىدە ئۆلگەن ئەللەر سۇفۇف.
ئۇشول سەف ئارا بەلدە زۇننار ئىدى،
باشىدە موغۇل تاقەسى بار ئىدى.
دېدىلەر: ساڭا بۇ ھالەت نەدۇر،
بۇ كۇفار ئارا ئىستىقامەت نەدۇر؟
جەۋاب ئايدىكىم: رەسۇل ئاتلارىن،
ئىشىتتىم دەر ئېردىم سەلات ئەۋۋەلىن.
مۆكەررەر ئىشىتكەندە ئايتماي سەلات،
ئوتۇرۇر ئىدىم ئەتمەي ئاندىن ئۇيات.
بۇ سۆزدىن ئەيان بولدىكىم ھەر كەرەت،
ئىشىتتىڭ ئېرۇر ۋاجىبۇل ـ مەرتەبەت.
ئېرۇر مۇستەھەپ ھەر زەمان ئايتمەكى،
سەۋابى ئېرۇر كۆپ ئەزىم بىشەكى.

* *

ئېرۇر جۇمئەكۈن بارچە كۈن سەييىدى،
رەسۇل ئاندە كۆپ ئائەت ئەيلەڭ دېدى.
يەنە ئاندا غۇسل ئەيلەمەكدۇر سەۋاب،
دېدىلەر ئەبۇبەكرخەيرۇس ـ سەھاب:
كىشى جۇمئە ئۈچۈن ئەگەر غۇسل ئېتەر،
بەدەندىن گۇناھى تەمامەن كېتەر.
دېدىلەر پەيەمبەر رەسۇلى خۇدا:
ئەگەر بولسە ھەر كاسە سۇ بىر تىلا.
ئالىپ سۇنى زىنھار سىز غۇسل ئېتىڭ،
ئەگەر ئۆممەتىم سىز بىلا تەرك ئېتىڭ.
كىتابى ئانى «ھەيرەتۇل ـ فۇقەھا»،

ئانى ئىچرە كەلتۇردى مۇفتىي ئەلا.
رەسۇل دېدىلەر: كوھى قاف ئارقەسى،
بەيابانى باردۇر بەۋۇسئەت بەسى.
كى باردۇر بۇ دۇنياچە يەتتى تەمام،
پەرىشتەلەر ئول يەردە ئەتمىش مەقام.
چۇنان كۆپكى بىر ئىگنە تۈشسە ئەگەر،
مۇقەررەر پەرىشتە باشىغە تۈشەر.
ئالار جۇملە جۇمئە كۈنى سۇبھىدىن،
پاتىپ ئافتاپ شامىغە بىل يەقىن.
خۇدادىن بىرەر سائەت ئالماي قەرەرار،
بۇ كۈن غۇسل قىلغان گۇناھىن تىلەر.
جەنابەتتىن ئاز غۇسل ئەتسە قايۇ،
ئاخىردە مۇنى قەسد ئېتىپ قۇيسە سۇ.
بۇ ئەۋلا ئېرۇر، قىلماسە ھەم بولۇر،
كى غۇسلى جەنابەت كىفايەت ئېرۇر.
يەنە تەۋبە ئەتسۇن گۇناھدىن بۇ كۈن،
رەسۇلغە دۇرۇد ھەم ئىبەرسۇن فۇزۇن.
رەسۇل ئايدى: ھەر جۇمئە كۈن يا ئەلى،
دۇرۇد ئايتسا ھەركىم ماڭا يۈز يولى.
كى يەتمىش يىل ئەتكەن گۇناھى كېتەر،
خۇداۋەند يۈز ھاجەتىن ھەم بېرەر.
كىشىكىم نەماز جۇمئە ئەتمەك ئۈچۈن،
قەدەم قويسە مەسجىد سارى ئۇشبۇ كۈن.
دېدىلەر رەسۇلىللاھى نىكى زات،
بېرەر ھەر قەدەمگە خۇدايى جىھات.
سەۋابى ئىباداتى [مىك] مىڭ تەمام،
كېچەدە قىيام ئەتسە كۈندۈز سىيام.
رەسۇل ئايدىلار: ھەر كىشى غۇسل ئېتىپ،
ھەمەدىن بۇرۇنراق مەسجىد كىرىپ.
تاپىپ ئەۋۋەلىن جۇملە ئەفئالىنى،
كى يەئنى ئەزان، خۇتبە ھەر ھالىنى.
سۈكۈت قىلسە مەسجىددە دېمەي كەلام،
تاپار ھەر قەدەمدە سەۋابى تەمام.
پەيەمبەر دېدىلەر: كىشى جۇمئەنى،
ئوقۇسە بەشەرتۇ بەئاداپ ئانى.
تاپار مىڭ شەھىدنى سەۋابىن يەقىن،
كى ئۆلكان ئالار جۇملەسى بەھرىدىن.
پەرىشتەلەر ئەبۋابى مەسجىدغە جەمئ،
بولارلار نەماز ۋەقتى مانەندى شەمئ.
نەمازغە كىرەر ئەلنى ئەيلەر دۇئە،
چۇ ئول دەمكى چىققاي ئىمام خۇتبەگە.
ھەمە مۇنبەر ئاستىدە قىلغاي مەقام،
ئۇشۇل دەمدە ئەيلەك دۇئا بىر دەۋام.
كى مۇنبەرگە چىقسا ئىمام ئول دەمي،
دۇئا ئەيلەسە مۇستەجابدۇر ھەممي.
خۇسۇس ئىككى خۇتبەنى ئورتاسىدە،
ئىمام مۇنبەرىدىن تۈشەر جاسىدە.
كىشىكىم نەماز جۇمئە قىلسە ئادا،
جايىدا ئوتۇرسە بەيادى خۇدا.
ئۇشۇل يەردە ئەتسە نەمازى دىگەر،
بۆلەك ئىشغە مەشغۇل بولماي ئەگەر.
سەۋابى ھەجۇ ئۇمرەنى بىگۇمان
بېرۇر ئاڭا ئول كۈن خۇدايى جەھان.
يەنە ئايدىلار ھەزرەتى ئەۋلىيا:
كىشى ئەتسە جۇمئە نەمازى ئادا.
ئوقۇسە ئەگەر فاتىھە يەتتى يول،
يەنە قۇلھۇۋاللاھ ئەھەد يەتتى يول.
يەنە قۇلئەئۇز ھەر قايۇ يەتتى ھەم
ئوقۇسە، خۇداۋەندى ساھىب كەرەم.
كېلۇر جۇمئەغەچە جەمىئى بەلا،
ئاڭا تاپماگەي يول بەئەمرى خۇدا.
كىشى بىر بەلايىغە بولسە دۇچار،
ئانى دەفئىنى قىلماغاي ھېچ كار.
كۈنى جۇمئەچۈن ئەسرنى ئوقۇسە،
كىشىگە سۆزى مۇتلەقا قىلماسە.
نەماز شامىغەچە ئۇشبۇ ئۈچ ئىسمنى
ئوقۇسە، قەرەر ئالماين بىر دەمي.
ئۇشۇل ھاجەتى ئولغۇسىدۇر رەۋا،
مۇنى تەجرىبە ئەتتىلەر ئەۋلىيا.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

هاجى ئىمىن يېڭىسارىي

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇۋىمەريەم شېرىپ خوشتار، دىلبەر شاھمەردان

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ ئومۇمىي 69 ـ، 70 ـ سانلىرىدا ھاجى ئىمىن ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، ھاجى ئىمىننىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ سانىمىزدا شائىر ھاجى ئىمىننىڭ يەنە بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

*　　*

تەجەللىينى قىزىلگۈلدىن خۇدا بۇلبۇلغە كۆرسەتمىش،
كې زاھىر دەم ئاڭا ئاشىق قىلىپ بۇلبۇلنى سۆزلەتمىش،
ھەمىشە يىغلاتىپ ئانى ھەقىقەت يولنى كۆرسەتمىش،
بەرادەرلەر، خۇدانىڭ ئىشقىدە دىۋانىدۇر بۇلبۇل.

«ھەزار دەستان» ئاتاندى، دوستلار، بۇلبۇل زامان ئول دەم،
خۇدانىڭ ئىسمىنى ئايتۇر سەھەرلەر سايرابان ھەردەم،
سەنا ئايتۇر خۇداغە، دوستلار، فەرياد قىلىپ ھەر دەم،
بۇ ئاشىقلار ئىچىندە، دوستلار، ئازارەدۇر بۇلبۇل.

كېچەلەردە ئارام ئالماي بۇ گۈلنىڭ ئىشقىدا يىغلار،
سەھەرلەردە فىغان ئەيلەپ، گۈل ئىشقىدا يۈرەك داغلار،
ھەمىشە گۈلدىن ئازار يەپ، خۇداغە ئاھ ئۇرۇپ يىغلار،
گۈل ئىشقىدا مۇدام يىغلاپ جانىن بەرگەن غەرىب بۇلبۇل.

كى زاھىردە ئانىڭكى مەئشۇقى گۈل، باتىنى ھەقدۇر،
بۇ زاھىردە ئاڭا مەغرۇر بولۇپ، ۋەسلىغە يەتمەكدۇر،
بۇ گۈل باشىدە سايراپ ھەر زەمان ئەرزىنى ئەتمەكدۇر،
كۆيۈبان ئىشق ئوتىدە، دوستلار، مەستانىدۇر بۇلبۇل.

بۇ بۇلبۇل گۈل باشىدە دائىما يىغلاپ نەۋا ئەيلەر،
قىزىلگۈل ئىشقىدە، ئەي دوستلار، بۇ ئاھۇۋا ئەيلەر،
كى سايراپ گۈل باشىندا بۇ ئەزىز جانىنى فىدا ئەيلەر،
ئەزىز جانىدىن قىزىلگۈل ئالدىدا بىزاردۇر بۇلبۇل.

بەرادەرلەر بىلىڭ ئاشىق ئۆلۈمدىن قىلمىغاي پەرۋا،
تىلەپ دىيدارى ھەقنى كېچە ـ كۈندۈز ئەيلەگەي غەۋغا،
سەھەرلەردە بولۇپ بىدار، چېكەرلەر زىكرى ئىللەللاھ،
چىراغىغە ئۆزىنى ئۇرغان بەلكى ئول پەرۋانىدۇر بۇلبۇل.

خۇدانىڭ سۈنئىينى گۈلدىن كۆرۈپ بۇلبۇل نەۋا ئەيلەر،
كۆرۈپ ھەق قۇدرەتىنى كېچە ـ كۈندۈز ئاھۇ ۋا ئەيلەر،
سەھەرلەردە بۇ قۇش ھەق دەپ، كۆزىنى يۇمماي سەدا ئەيلەر،
خۇدانىڭ مىگبىر ئىسمىنى ئايتىبان بىدارىدۇر بۇلبۇل.

ئانىڭ چۈن، دوستلار، بۇلبۇل بىلىڭ گويا زەبان بولمىش،
خۇدانىڭ مىگبىر ئىسمىنى ئۇشۇل بۇلبۇل بەيان قىلمىش،
ئانىڭ نامى، دوستلار، «بۇلبۇلى گويا زەبان» بولمىش،
ئەمىن ھاجى غەرىبنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدىلار بۇلبۇل.

* *

قىزىلگۈل مەئشۇقىدۇر، دوستلار، بۇلبۇل ئاڭا ئاشىق،
كى چىن ئاشىقلارنىڭ، دوستلار، بۇ دىللارى سادىق،
سەھەرلەر يىغلاغانلار بولغۇسى دىيدارىغە لايىق،
تەمام جانۋەرلەر ئىچىندە، دوستلار، دىۋانىدۇر بۇلبۇل.

مەنى بۇلبۇل سەھەردە سايراغايلار ئاھۇ ۋا ئەيلەپ،
ھەمىشە گۈل باشىدا، دوستلار، بۇلبۇل نەۋا ئەيلەپ،
خۇدانىڭ ئىشقىدە بۇ بەلكى دەردىگە دەۋا ئەيلەپ،
قىزىلگۈل ئىشتىياقىدە ھەمىشە زارىدۇر بۇلبۇل.

خەرىدارى قىزىلگۈلنىڭ باشىدە ئۇشبۇ بۇلبۇلدۇر،
قىزىلگۈل ھەم، يارانلار، گۈل ئىچىندە بەلكى بىر گۈلدۇر،
قىزىلگۈل نامىنى ئالەمگە پۇر قىلغان بۇ بۇلبۇلدۇر،
قىزىلگۈل ئىشقىدە ئۆزىنى ۋەيران ئەيلەگەن بۇلبۇل.

گۈلى سەۋسەن، گۈلى لالە، يانا باردۇر سارىق گۈللار،
گۈلى تاجى، گۈلى جۇخا، بىلىڭلار رەڭ بەرەڭ گۈللار،
خەرىدارى ئانىڭ باشىدە يوق سايىرارغە بۇلبۇللار،
قىزىلگۈلغە ئۆزىنى مۇبتىلا قىلغان ئېرۇر بۇلبۇل.

قىزىلگۈلدىن چىرايلىغدۇر، بەرادەرلەر، بىلىڭ ئەترى،
بۇ بۇلبۇلغە كۆرۈنمىشتۇر قىزىلگۈل لەيلەتۇل - قەدرى،
قىزىلگۈلدىن تەجەللىي كۆرسەتىپ بۇلبۇلغە ئول تەڭرى،
ئانىڭ چۈن دائىما يىغلار، قىزىلگۈل ئىشقىدە بۇلبۇل.

ئەجەب خۇشبۇي، بەرادەرلەر، ئىپار زەئپەر بىلەن كافۇر،
ھەمىشە يىغلاغانلار ئاقىبەت دىيدارىنى تاپۇر،
بىلىڭ دۇنياغە مەغرۇر بولغۇچىلەر تۇشغىچە ياتۇر،
بەرادەرلەر، سەھەرلەر دائىما ئاگاھىيدۇر بۇلبۇل.

گىيالارنىڭ ئىچىندە ياخشى دارۇۋار ئېرۇر زەئفىران،
ئەجەب خۇشبۇي ئۇشۇل سۇنبۇلۇ ئەنبەر ھەم گۈلى رەيھان،
چىقارۇر يايشەۋارى، يارانلار، شاخلىغ مەرجان،
نې كارى بار ئىپار، زەئفەر بۇ گۈلنىڭ ئاشىقى بۇلبۇل.

جەۋاھىر ئىچىدە رەڭدار زۇمۇرەد بىرلە بۇ ياقۇت،
سەدەفنىڭ قارنىدە، دوستلار، كەۋنى ئەيلەمىش مەۋجۇت،
كى بىل ھەركىم دىلىدا، دوستلار، ئۆز يارىدىن مەقسۇد،
نېمە كارى بولۇر ھەر نېچە بۇ گۈلنىڭ ئاشىقى بۇلبۇل.

كى تاشغە بولسە ئاشىق، بۇ گۆھەر قەدرىنى بىلمەسلەر،
تەجەللىي كۆرسەلەر تاشدىن كەۋنى كۆزغە ئىلماسلار،
ئەگەرچە ئۇچراسا گەۋھەر ئاڭا نەزەرنى سالماسلار،
نېمە قىلسۇن بۇ گەۋھەرنى، بۇ گۈلنىڭ ئاشىقى بۇلبۇل.

يانا زەر قەدرىنى، ئەي دوستلار، بەلكى بىلۇر زەرگەر،
كې نادان ئالدىغە زەر ئۇچراسا، بىل ئانى تۇچ دەرلەر،
ئىمىن ھاجى ھەمىشە يىغلابان: ۋاھ ھەسرەتا دەرلەر،
نې كارى زەر، بۇ گەۋھەرغە، بۇ گۈلنىڭ ئاشىقى بۇلبۇل.

* *

بىلىنىڭ ھەر كىم كۆزىغە ئۆز مەھبۇبى چىرايلىقدۇر،
بىلىنىڭ ھەر كىمنى يارى، ئەي يارانلار، ئۆزگە لايىقدۇر،
بىلىنىڭ بىرگە دىلىن بەرگەن ئەرەنلەر بەلكى سادىقدۇر،
نېمە كارى چىرايلىقغە، بۇ گۈلنىڭ ئاشىقى بۇلبۇل.

بۇ بۇلبۇل گۈلغا ئاشىقدۇر ئانىڭدىن باشقەغە باقماس،
يانا سەن باشقا گۈلنىڭ تەئرىفىن قىلساڭ ئاڭا ياقماس،
قىزىلگۈل مەئشۇقى ئانىڭ، ئانىڭدىن باشقەغە باقماس،
قىزىلگۈل ئىشقىدە، ئەي دوستلار، رەسۋايىدۇر بۇلبۇل.

كېچەلەردە قىزىلگۈل ئىشقىدە بۇ ئەسلا خاب قىلماس،
بۇ گۈل ئىشقىدە بۇلبۇل، دوستلار، كۆزىنى بىر يۇمماس،
كې سايراپ زارۇ ئەفغان قىلغۇسىدۇر، ئەسلا بۇ ھارماس،
قىزىلگۈل ئىشقىدە بىل، مەستى لايەئقىل ئېرۇر بۇلبۇل.

قىزىلگۈلنى كۆرەي دەپ سايرابان دائىم فىغان ئەيلەر،
سەھەرلەردە خۇدايىمغە ئەرز ھالىن بەيان ئەيلەر،
ھەمىشە ئاھۇ ۋاھ ئەيلەپ بۇ بۇلبۇل گۈلنى ياد ئەيلەر،
ئاچىلدى گۈل جەمالىن، كۆرمەدى بىچارە بۇ بۇلبۇل.

بۇ گۈل ئاچىلغانىن كۆرمەي، بۇ بۇلبۇل داغۇ ھەسرەتتە؛
ئاچىلغانىن كۆرەرمەن دەپ، كېچە بىچارە غۇربەتتە،
سەھەر ۋەقتىدە كەتتىلەر، بۇ بۇلبۇل كۆزى غەفلەتكە،
كۆزىن ئاچسا ئاچىلمىش گۈل ئەجەب ھەيرانە بۇ بۇلبۇل.

ئاچىلغانىن كۆرەي دەپ دائىما قەست ئەيلەگەن بۇلبۇل،
بۇ گۈل ئاچىلغانىن كۆرمەي، مۇدام قان يۇتقۇسى بۇلبۇل،
ئاچىلۇر ۋەقتنى بۇلبۇلغە ھېچ كۆرسەتمەدىلەر گۈل،
يۈرەكى ئۆرتۈنۈپ، ئەي دوستلار، پەرياد قىلۇر بۇلبۇل.

بۇ گۈل ئاچىلغانىن كۆرمەي بۇ بۇلبۇل يۈرەكى قاندۇر،
ئانىڭ دەردىدە، ئەي دوستلار، بىلىنىڭ بۇلبۇل رەمەق جاندۇر،
غەرىب بىچارە بۇلبۇلنىڭ يۈرەكۇ باغرى تەمام قاندۇر،
ھەمىشە بۇ سەھەردە ئاھ ئۇرۇبان يىغلاغاي بۇلبۇل.

ئەمىن ھاجى بۇ بۇلبۇل ھالىغە ھەيران بولدۇم مەن،
خۇدۇمنى بىلمىدىم، ئەي دوستلار، سەۋدايى بولدۇم مەن،
بۇ گۇلنىڭ زۇلمىغە، ئەي دوستلار، ھەيران بولدۇم مەن،
ئەمىن ھاجى دىلىدا قويدى يۈزمىڭ داغ، بىلىڭ، بۇلبۇل.

* *

بىل بەھارنىڭ ئەۋۋەلىدە ئاچىلدىلار لالەگۇل،
خۇب چىرايلىغدۇر، بەرادەرلەر، بىلىڭلار لالەگۇل.
بارچە گۇلدىن ئەۋۋەلەن ئاچىلغۇسىدۇر بىلسەڭىز،
ئۆزى نازۇك گۇلى رەئنادۇر بىلىڭلەر لالەگۇل.
ئەۋۋەلى بەھاردە لالە ئاچىلدى ياقۇت مىسال،
ئول قىزىل قانغە بويالغاندەك شەھىتنىڭ قانى گۇل.
بەلكى ياقۇتدەك قىزارتىپ گۇلى رەئنا رەڭگىنى،
ئەھلى دىللارنىڭ ئېرۇر، ئەي دوستلار، بۇ جانى گۇل.
دوستلار، ياقۇت مىسال گۇل رەڭگىنى ئەيلەپ قىزىل،
جان فىدا قىلغان بەرادەرلەر شەھىدنىڭ قانى گۇل.
لالەۋەر ئاتى ئانىڭ خۇبۇ چىرايلىغ ھۇسنى بار،
ئىشق ئەھلىنىڭ، بەرادەرلەر، بىلىڭلار جانى گۇل.
بارچە گۇلدىن لالە ئەۋۋەل ئاچىلۇرلار بىلسەڭىز،
بەرگۇسى يازدىن نىشان، ئەي دوستلار، ئازادە گۇل.
جۇملەدىن ئەۋۋەل خەبەر بەرگەي بەھاردىن لالەجان،
خۇشخەبەر كەلتۇرگۇچى، ئەي دوستلار، شادە گۇل.
كۆرۈنۇر كۆزۈمغە چىرايلىق، يارانلار، لالەجان،
ئەھلى دىللارنىڭ، بەرادەرلەر، بىلىڭلار جانى گۇل.
ئەڭى نۇرلۇغ، ئۆزى نازۇك، بۇ قىزىل ياقۇت سىفەت،
خۇب چىرايلىغدۇر، بەرادەرلەر، بىلىڭلار لالەگۇل.
خۇب كېلىشكەن قامەتى باردۇر، يارانلار، لالەنىڭ،
بۇ ۋۇجۇدۇمنى مېنىڭ قىلدى مۇدام خۇمارى گۇل.
گۇلى سەۋسەر بۇ قىزىل گۇللاردىن ئەۋۋەل ئاچىلۇر،
تۆرت فەسلىيدىن بىلىڭلار، بەلكى خەبەردار گۇل.
بۇلبۇلى يوقدۇر باشىدا لالەگۇلنىڭ، دوستلار،
ئاچىلۇر رويى بەھاردە بىلسەڭىز ئازادە گۇل.
جۇملە گۇلنى ئافەرىد ئەيلەگەن گۇل بار بىلىڭ،
سۆزلىمەس كۆزنى كۆرۈنمەس جۇملە ئالەم شاھى گۇل.
ئول ئەجايىپ گۇل ئېرۇرلەر، ھېچنىمە مانەند ئەمەس،
بۇ زەمىنۇ ئاسمانۇ جۇملە جاندار ئاڭا قۇل.
ئول ئەجايىپ پادىشاھدۇر قۇدرەتىنى قىل تەماش،

ئىبتىداۋۇ ئىنتىھاسى يوق ئۇشانىڭ، ئەي ئوغۇل.
ئىبتىداسى، ئىنتىھاسى يوق ئانىڭكى، دوستلار،
ياد ئەيلەپ تۈن كېچەلەر يىغلىساڭ قىلغاي قەبۇل.
كۆللۈ ئەشيانى ياراتقان شاھى بىردۇر، ئىككى ئەمەس،
ئول خۇدانىڭ ئەلچىسىدۇر بىلسەڭىزلەر ھەق رەسۇل.
خالىقى كۆللى مەكاندۇر ئول ياراتقان پادىشاھ،
جۇملە ئالەم، بەلكى جاندار جۇملە ئادەم ئاڭا قۇل.
بىر ـ بىرىغە ئوخشىماس ئانىڭ ياراتقان نەرسەسى،
بارچە نەرسە ئۇشبۇ دۇنيادا بىلىڭلار ئاڭا قۇل.
ۋاھىدۇل ـ قەھھار ئۇ شاھنىڭ ئىسمى، دوستلار، بىلسەڭىز،
بۇ زەمىنۇ ئاسمانۇ، تاغۇ تاشلار ئاڭا قۇل.
بولسە ئەقلىڭ، ئەي بەرادەرلەر، ئانى قىلغىل قىياس،
كېچە ـ كۈندۈز تەۋبە دەپ ماتەمدە بولغىل، ئەي ئوغۇل.
ئەي ئەمىن ھاجى، مۇدام يىغلاپ تىلەپ دىيدارى ھەق،
يىغلاساڭ ئېرمەس ئەجەپ رەھمان رەھىم قىلسا قەبۇل.

*  *

ئەي بەرادەرلەر، بۇ دۇنيا ئەجايىپ ۋەفاسىزدۇر. قېنى ھەزرەتى ئادەم ئاتا، قېنى ھەۋۋا ئانا؟ قېنى تەمام ئۆتكەن ئەنبىيالار، قېنى شۇنداغ خۇدا دوستى رەسۇلىللا؟ قېنى چاھارىيارى باسەفا، قېنى تەمامى ئەۋلىيا، مەزار ـ مەشايىخ؟ قېنى دۇنيادا دەۋر سۈرگەن پادىشاھلار؟ ئول دەم يەرنىڭ قەئرىغە ئالدى. ھېچكىمغە دۇنيا ۋەفا قىلمىدى. ئۆزۈڭنى غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغات، ھۇشيار بول، بۇ جان تەندە ئامانەت. كېچە ـ كۈندۈز ئۆز ھالىڭغە يىغلا، سېنى يوق يەردىن پەيدا قىلغان پەرۋەردىگارىڭنى تونۇ، بۇيرۇغان ئەمرلەرىنى قىل، كاتتەلىغ قىلما، ئاجىز بول. ئۆلۈمنى ياد قىل، ئاجىز بول. يامانلىغ، زورلۇغنى تاشلا، ياخشى ئىش قىل، يامان ئىش قىلما. ئۆلۈپ كەتكەنلەردىن ئىبرەت ئال، دۇنياغا ئىئتىماد قىلما، بۇ دۇنيادا ۋەفا يوق. دىلىڭنى دۇنياغا بەرمە، ئاخىر داغدا قالۇرسەن.

خۇداغا زار يىغلا، بىز بارچەمىز ئاڭا قۇل،
يىغلاپ سەھەر دائىم ئۆزۈڭنى ئەيلە بۇلبۇل.
يىغلاپ سەھەر دائىم يۈرەك باغرىڭنى قان قىل،
پەرياد قىل ھەمىشە مىسالى ئۇشبۇ بۇلبۇل.
بۇلبۇل سايرار سەھەردە گۈل يادىدا ھەر زامان،
سەن سايرىساڭ نې بولغاي، ھەق يادىدا، ئەي ئوغۇل.
بۇلبۇل سايرار، بارانلار، گۈل ئىشقىدە ھەمىشە،
يىغلاپ يالبار خوجاڭغە، ئەي كەم ئەقىل غەرىب قۇل.
تەجەللىي كۆرسەتىپدۇر بۇلبۇلغە ئۇشبۇ گۈلدىن،
ئانىڭ ئۈچۈن مەس ئولۇپ، سايرا سەھەردە بۇلبۇل.
مىڭبىر ئىسمىن ئېيتارمىش بۇلبۇل سايراپ سەھەردە،
باتىنىدە يادى ھەق، زاھىر قىلۇر قىزىلگۈل.

«ھەزار دەستان» ئاتالدى سايراپ سەھەردە دائىم،
بىدار سەھەردە دائىم غەرىب بىچارە بۇلبۇل.
پەررەندەنى كۆردۈڭمۇ، سايراپ خۇداغا يىغلار،
ھەق دەپ سەنا ئايتۇرلار كاككۇك بۇ قۇش، بۇ بۇلبۇل.
ئۇچار لاچىن ھاۋادا، سەيرى قىلۇر سەمادا،
سەنا ئايتۇر كۆنجىدە غەرىب بىچارە بۇلبۇل.
بۈركۈت، شۇڭقار، قارچۇغا، قۇشلار ئىچرە سەفادۇر،
سۇفىي دەرۋىش كەبۇتەر، تورغاي، قۇمرى ھەم بۇلبۇل.
ئۇچار ھاۋادا قالاغاچ، ۋىرد ئايتۇر ئاق قۇچقاچ،
ئايا غافىل، كۆزۈڭ ئاچ، سايرا بەمىسلى بۇلبۇل.
سەنا ئايتۇر بۇ قۇشلار، قىلۇر دائىم جۇنبۇشلار،
كېچىلەردە ھۇقۇشلار بىدار، سەھەردە بۇلبۇل.
ئۇچار سەھەردە تورغاي، قولاق سالغىل «چۇ - چۇ» دەر،
باتىنىدە «ھۇ - ھۇ» دەر بۇ ھەم بەمىسلى بۇلبۇل.
جايى ئانىڭكى يانتاق، سۇفىي ئېرۇر دىلى ساپ،
دائىم ئايتۇرلار رەززاق دەرۋىش ئېرۇر بۇ بۇلبۇل.
ئەمىن ھاجى كەم ئەقىل، غافىل، پاسىق ھەم بەخىل،
ئۆتكەن ئىشقا تەۋبە قىل، يىغلا سەھەردە بۇلبۇل.

*　　*

ئەي بەرادەرلەر، كۆزۈڭلارنى ئېچىپ كۆرۈڭلار، ئۇچار قۇشلار جايىدە كېچىلەردە ياراتقان پەرۋەردىگارنى ياد قىلىپ، سەنا ئايتىپ يىغلاسا، بىز ئىنسان ئەجەب كۆڭۈل قارا، دىلىمىز قاتتىق ئىكەنمىز. ئاللاھتائالا تەمام قۇدرەت كامالىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئالىملاردىن ئايەت، ھەدىسنى ئىشتىپ تۇرۇپ، يادى ھەق قىلماي غافىل بولۇر ئىكەنمىز. بۇلبۇلغا ھەم ئاللاھتائالا نۇرى تەجەللىيسى قىزىلگۈلدىن كۆرسەتىپدۇر، زاھىرى گۈل بولماغلىق بىلەن باتىنى ھەقدۇر، بۇلبۇلدىن ئىبرەت ئالىشىمىز لازىم.

بەرادەرلەر، ئەجەب گۈلدۇر قىزىلگۈل،
ئانىڭكى ئىشقىدە مەستانە بۇلبۇل.
قىزىلگۈل ئىشقىدە سايرار ھەمىشە،
بەرادەرلەر ئەجەب دىلدانە بۇلبۇل.
سەھەرلەردە ئارام ئالمايدۇ سايراپ،
بىخۇد بولۇپ مۇدام سايرار بۇ بۇلبۇل.
بۇ بۇلبۇل سايراسا باشىدا دائىم،
ئاڭا زار ئەيلەبان، باقماس قىزىلگۈل.
قىلىپ گۈل باشىدە بۇ نالە ئەفغان،
قىلۇر دائىم سەھەردە نالە بۇلبۇل.
كى مۇخبىر ئىسمىنى بۇ ياد ئەيلەر،
«ھەزار دەستان» ئاتاندىلار بۇ بۇلبۇل.
سەھەرلەردە خۇدانىڭ ئىسمىنى دەپ،
بەھانادۇر ئاڭا، دوستلار، قىزىلگۈل.
قىزىلگۈلدىن تەجەللىي كۆرسەتىپدۇر،
بولۇپ ئاشىق تەجەللىيغە بۇ بۇلبۇل.
قىزىلگۈل زاھىرى، باتىنى ھەقدۇر،
كى زاتۇللاھغە ئاشىقدۇر بۇ بۇلبۇل.
سىفەت گۈل كۆرسەتىپ بۇلبۇلغە ئۆزنى،
كۆرۈنمىشتۇر بۇ بۇلبۇلغە قىزىلگۈل.

قىزىلگۈل ئىشقىدە بۇ نالە ئەيلەر،
قىلۇر دائىم سەھەردە نالە بۇلبۇل.
قىزىلگۈلگە بولۇپدۇر بۇلبۇل ئاشىق،
ئانىڭكى مەئشۇقىدۇرلار قىزىلگۈل.
قىزىلگۈل ئىشقىدە ئەيلەر نەۋالار،
كى ئەقلى ھۇشىدىن بىگانە بۇلبۇل.
گۈل ئىشقىدە ھەمىشە زار ئەيلەپ،
بەرادەرلەر، ئەجەب دىۋانە بۇلبۇل.
بۇ بۇلبۇلغە ئەمىن ھاجى ئادادۇر،
ئەمىن ھاجى، ئۆزۈڭنى ئەيلە بۇلبۇل.

* *

بۇ بۇلبۇلغە نەزەر سالماس قىزىلگۈل،
ئاڭا ئاشۇفتەدۇر بىچارە بۇلبۇل،
ئەجەبمۇ نازى قاتىغدۇر قىزىلگۈل،
ئانىڭ دەردىدە بىل، دىۋانە بۇلبۇل،
تەمەننالار قىلۇر دائىم قىزىلگۈل.

ئەجەب زالىم قىزىلگۈل گۈل ئىچىندە،
مۇدام پەرياد قىلۇر بۇلبۇل باشىندە،
نەزەر سالىپ ئاڭا باقماس قىزىلگۈل،
ئانىڭكى ئىشقىدە مەستانە بۇلبۇل،
قىلۇر كۆپ فەخرلەر ئۆزىگە قىزىلگۈل.

ئايا زالىم قىزىلگۈل، ئەيلە ئىنساف،
بۇ بۇلبۇلغە ئۆزۈڭنى ئەيلە ئەھباب،
بۇ بۇلبۇلغە، ئايا، كۆپ جەبىر قىلما،
ئانىڭكى ئاقىبەت دەردىنى تارتما،
خۇدانىڭ ئاشىقىدۇر بىل بۇ بۇلبۇل.

خۇدانىڭ ئىشقىدە سايىرار ھارماي،
باشىڭدا تورغۇچى ھېچبىرگە بارماي،
خۇدا سەندىن تەجەللى كۆرسەتىپدۇر،
كې بۇلبۇلنى بۇ ئوتدە كۆيدۇرۇپدۇر،
خۇدانىڭ ئىشقىدە سايىرار بۇ بۇلبۇل.

خۇدانىڭ مىڭبىر ئىسمىنى قىلۇر ياد،
قىلۇر ھەق يادى بىرلە كۆڭلىنى شاد،
سەھەرلەردە قىلۇر دائىم بۇ فەرياد،
ئايا غافىل، ئۆزۈڭنى ئەمدى ئويغات،
«ھەزار دەستان» ئاتاندىلار بۇ بۇلبۇل.

ئايا غافىل، بۇ قۇشدىن ئالغىل ئىبرەت،
بىلىڭنى باغلا مەھكەم، ئەيلە غەيرەت،
باشىڭدا بار سېنىڭ مىڭ دەردى ئىللەت،
يۈرۈپ غافىل، قىيامەت تارتمە كۆلفەت،
ئەمىن ھاجى ئۆزۈڭنى ئەيلە بۇلبۇل.

خۇدا جان بېرىپدۇر شۇكرى قىلغىل،
قايەردىن مۇندا كەلدىڭ، فىكر قىلغىل،
بارۇر جايىڭ قايەردۇر، ئانى بىلگىل،
ئەمىن ھاجى، خۇدا ئەمرىنى قىلغىل،
سەھەرلەر سايراغىل بەمىسلى بۇلبۇل.

* *

ئەي بەرادەرلەر، يانا بىر قۇش بار، سەھەرلەردە چىرايلىق، شىرىن زەبانلىق بىلە فەرياد قىلىپ سايرايدۇر، ئول جانىۋارنىڭ ئىسمى كاككۇك ئىكەن. تۈن كېچىلەردە «كاككۇك» دەپ فەرياد قىلسە، سەھەرخىزلەرنىڭ يۈرەكلەرىنى قان قىلادۇر. بۇ قۇش ھەم ئاشىقغە ئوخشايدۇر، بۇ قۇش «كاككۇك» دەپ نالە ـ ئەفغان قىلسا، ئادەمنىڭ يۈرەكىغە بىر دەرد پەيدا بولاردۇر. ئول قۇشدە ھەم ئىشقىنىڭ ئەسەرى بارغە ئوخشايدۇر. قۇشلارنىڭ ئىچىندە ھەم مۇنداغ سەھەرخىز قۇشلاردىن بار ئىكەن، بۇ قۇشنىڭ ئاۋازىنىڭ تەئسىر قىلىشى نىسفى شەبدە بىيدار بولۇپ سايراغاننىڭ خاسىيەتىدۇر. بەرادەرلەر، ھۇشيار بول، ۋاقتى سەھەردە غەفلەتتە ياتماڭلار، بۇ ئۆمر غەنىيمەتدۇر.

بەرادەرلەر، ئەجەب قۇشدۇر بۇ كاككۇك،
خۇدانىڭ ئىشقىدە يىغلار بۇ كاككۇك،
قىلۇر فەرياد سەھەرلەردە بۇ كاككۇك،
تۇرارلار نىسفى شەبلەردە بۇ كاككۇك،
ھەقىقەتتە، بىلىڭ، ئاشىق بۇ كاككۇك.

سەھەرلەردە قىلۇر بۇ نالە ئەفغان،
قىلۇر يىغلاپ ھەمىشە ئەرزى سۇلتان،
كى جاندار ئىچىندە بۇ كاتتا ئىشان،
قىلۇر يىغلاپ ھەمىشە باغرىنى قان،
ئانىڭ قىلغان سۆزى «كاككۇك ـ كاككۇك».

بۇ كاككۇك بىل ئەجەب سۇفىي زاماندۇر،
ئانىڭ ئاۋازى بىلسەڭ مىسلى جاندۇر،
بۇ ئىشق ئوتى بىلىڭلەر كۆپ ياماندۇر،
مۇدام غەفلەتتە ياتقانلەر چاياندۇر،
ئەجەب دىۋانە قۇشدۇرلار بۇ كاككۇك.

سەھەرلەردە بۇ كاككۇك زار ئەيلەر،
مۇدام كاككۇك دەبان فەرياد ئەيلەر،
خۇداغە ھەمد ئايتىپ بىل سەھەردە،
بۇ غەملىك كۆڭلىنى ئول شاد ئەيلەر،
بويى نازۇك ئەجەب ئاۋازى كاككۇك.

بۇ كاككۇك، دوستلار، ئاۋازى خۇشدۇر،
بىخۇد دائىم ئۇشۇل دىۋانە قۇشدۇر،
ھەمىشە ئەقلىدىن بىگانە قۇشدۇر،
خۇدانىڭ ئىشقىدە مەستانە قۇشدۇر،
بىلىڭ ئىشقى بەلانىڭ جانى بۇ كاككۇك.

ئايا غافىل، بۇ ئۇيقۇدىن كۆزۈڭ ئاچ،
بۇ فانىيدىن يانا باقىي مەكان قاچ،
كى ياش ئورنىغە كۆزۈڭدىن بۇ قان ساچ،
كى يىغلاپ ئاخىرەتنىڭ يولىنى ئاچ،
مۇدام يىغلاپ ئۆزۈڭنى ئەيلە كاككۇك.

بۇ دۇنيادا ۋەفا يوقدۇر، ئايا جان،
تىلە دائىم خۇدادىن نۇرى ئىمان،
تەمام بولدى بۇ ئۆمرىڭ، تولدى پەيمان،
ئامانەتدۇر، بىلىڭلار تەندە بۇ جان،
سەھەردە بەمىسلى يىغلا كاككۇك.

ئەمىن ھاجى، بۇ سۆزنى كىمگە قىلدىڭ،
ئايا غافىل، قاچان ئۆزۈڭنى بىلدىڭ،
قاچان بىدار بولۇپ سەھەردە تۇردۇڭ،
ئايا غافىل ئەمىن ھاجى، تۇتۇلدۇڭ،
مۇدام بىدار سەھەرلەردە بۇ كاككۇك.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن بۇۋىمەريەم شېرىپ خوشتار شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە،
دىلبەر شاھمەردان خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيە ـ ئىقتىساد مەكتىپىدە)

* *



ئىنايىتۇللا ھەلىمىي

# ھەلىمىي شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا



نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە بىر پارچە ھەزىل شېئىرغا دىققىتىم چۈشتى، قارىسام شېئىرنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تىلى پاساھەتلىك، ئوخشىتىشلىرى تولىمۇ تەبىئىي بولۇپ مۇئەللىپىنىڭ بايقالمىغان بىر شائىر ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىر شائىرنىڭ ئىسمى-شەرىپىنىڭ ئىنايىتۇللا ھەلىمىي ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇنداق نامايەندىلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى بىز ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس، ئەلۋەتتە.

يېقىندا مەرھۇمنىڭ ئوغلى رىشات ئىنايىتۇللا ئەپەندى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە بىرقانچە پارچە شېئىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ ئەسەرلەر ھەر خىل تارىخىي شارائىتتا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ ھەقىقىي يۈرەك ساداسى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. بۇ شېئىرلاردىكى ئىنسان، ئېتىقاد، تېبابەت، مېھنەت، بەخت، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق، ھەقىقىي دوستلۇقتا ئائىت ئاكتىۋال مەزمۇنلار ئوقۇغان ھەر بىر كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىدۇ. شېئىرلار ۋەزىن جەھەتتە ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان غەزەللەر، تۇيۇقلار، لىرىك پارچىلار، ھەزىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قولىيازمىدىكى ئەسەرلەر شائىر قەلىمىدىن چىققان تۇنجى ئارگىنال بولۇپ، تۈزىتىلگەن ئايرىم مىسرالارنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈنلەردە شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھاياتى توغرىسىدىكى بايانغا كەلسەك، ئىنايىتۇللا ھەلىمىي 1922 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى قەشقەردە ئوقۇغان، كېيىن ئېھتىياج ۋە قىزىقىشى سەۋەبلىك قەشقەر دوختۇرخانىسى قارىمىقىدىكى دورىگەرلىك سىنىپىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن كېرەمباغ دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەندىن باشلاپ تاكى 1989 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر قەشقەر دوختۇرخانىسى، ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى قاتارلىق داۋالاش - سەھىيە ئورگانلىرىدا ئىشلەپ، ئالىي مۇھەررىر ئىلمىي ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولغان. مەرھۇمنىڭ تەرجىمە قىلغان، تۈزگەن، تەھرىرلىگەن تېببىي كىتابلىرى 70 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە تېبابەت لۇغىتى»، «خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە تېبابەت ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، «ئەلقانۇن»، «تېببىي ئەكبەر» قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابەت نادىر كىتابلىرى بار.

ئىنايىتۇللا ھەلىمىي ياشلىق مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ئۆزىمۇ كىلاسسىك شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبىدا يېقىملىق شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى ياشلىق دەۋرىدە، ئازادلىقتىن بۇرۇن يېزىلغان، بىر قىسىم شېئىرلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان.

ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلەر، ئەدەبىي ئىجادىيەتلەر داۋامىدا قاتتىق چارچىغان شائىر 1994 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. شائىر ئەسەرلىرىدە «خەستە دىل» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

ئىنايىتۇللا ھەلىمىينىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن غەزەللىرى ئەلۋەتتە بار بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ شېئىرلار بىر كۈنلەردە تېپىلىپ يورۇققا چىقسا، مۇكەممەل بىر توپلامنى نەشر قىلىشقا پايدىلىق بولاتتى. ئاتەش يۈرەك شائىرىمىزنى خاتىرىلەشتە، روھىنى شاد قىلىشتا بۇنىڭدىن ياخشى ئۇسۇل بولماس.

## كىتاب

كىشىلا يادلايدۇ مېنى ھەر خىل خىتاب بىلەن،
بەزىسى ئىچ ئاغرىتىپ، بەزىسى نەفرەت، ئىتاب بىلەن.
مەنمۇ ياشايمەن مۇرەككەپ روھىي ئازاب بىلەن،
ئۆزۈمنى بەزلەپ «مەھبۇبىم» كىتاب بىلەن.

قەلەمدۇر ئۈلفەت، قەغەز ئاشنا ماڭا،
غەمدىن قۇتۇلۇشقا كىتابدۇر رەھنەما ماڭا.
بەختسىزلىكۇ، ئەخمەقلىقىم بولدى بالا ماڭا،
غەم لەشكىرى ھۇجۇمىدىن كىتابدۇر باشپاناھ ماڭا.

كىتاب — ئەزەلدىن ئېرۇر مەنبەئى مەئرىفەت،
كىتاب — خەزىنەئى ھەقىقەت، چەشمەئى ھېكمەت.
كىتاب — ئەنۋەرى فۇنۇن، مەشئەلى تەرىقەت،
كىتاب — جەۋھەرى فىكرەت، مەخزەنى ئىبرەت.

كىتاب — ئىزدىنىش سەپىرىدە تايانچى ھاسا،
كىتاب — ئىزدىنىش يولىنى يورۇتقۇچى جۇلا.
كىتاب — ئىزدەنگۈچىلەرگە ئۇستاز، رەھنەما،
كىتاب — ئىزدىنىش سەپىرىدە شېرىن سۇ ھەم غىزا.

بولسىمۇ ئىلمىم ناھايىتى ئۇزە، بەكمۇ كەم،
نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى چۈشىنىپ كېتەلمىسەم ھەم.
يالغان ئەمەستۇر مەن مۇشۇنداق دېسەم،
كىتاب بولمىسا، يەپ قويىاتتى مېنى غەم، ئەلەم.

## ئەسسە گۈلباغدىن سابا...

ھەر ساباھ ئەسسە بېغىڭدىن خۇش پۇراقلىق بىر سەبا،
تەلمۈرەرمەن مۇنتەزىر ئىزلەپ سېنى، ئەي دىلرەبا.
ئۆرتىگۈچ ئۇل ھۆسنۈڭنى كاشكى كۆرمىسەم ئېردى شۇ كۈن،
قىلماس ئېردىم بۇ جېنىمنى مۇنچە دەردكە مۇبتەلا.
راھى ئىشقىدە ھېچ كىشى بولماس مېنىڭدەك بىنەسىب،
ساڭا بولغان مۇبتەلالىق ماڭا بولدى بىر بەلا.
نى بەلالار كەلدى باشقا، يەتتى سەبرىم ھەممىگە،
ئەمدى سەبرىم بىتتى، بولدۇم مەن غېمىڭدىن بىنەۋا.
سېنى سەۋگەن بىر كىشىگە قىلمىساڭ لۇتفۇ كەرەم،
سۆيگۈ ئەھلى مەزھىپىگە بۇ نېچۈك بولغاي رەۋا.
ئاجىزلىس ئۈمىدتىن ھەرگىز بۇ سۇنۇق مىسكىن كۆڭۈل،
كەلگۈسى ياردىن خەۋەر دەپ ئەسسە گۈلباغدىن سەبا.

## ئوخشاتما

كېسەلمەن، تەبىبى لوقمانىم يوقدۇر،
جۇدامەن، رەپىقى مېھرىبانىم يوقدۇر.
دەردتە مەن، سىردىشىم، قەدىردانىم يوقدۇر،
غېرىبمەن، ئائىلەم ـ خانۇمانىم يوقدۇر.

يوق، ئالەمدە يەنە بىر سەرسان مەندەك،
يالغۇزلۇقتا يەنە بىر زارۇ ھەيران مەندەك،
غۇربەتتە يەنە ھەقىرۇ ناتىۋان مەندەك،
ئەزەلدە يەنە بىر بەختسىز ئىنسان مەندەك.

## پارچە

ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
يىغلىماڭلا ياش باللا،
خۇدا بېرىدۇ بىزگە.

## تۇيۇقلار

ئەي ستەمكەش باغرى تاش، قەلبىمنى تىغلاپ يارىسەن،
خىلمۇخىل زۇلمىڭ بىلەن قىلدىڭ يۈرەكنى يارىسەن.
ئاي يۈزۈڭ، تاتلىق سۆزۈڭ كۆڭلۈمنى قىلغاچقا ئەسىر،
بولسىمۇ جەبرىڭ تولا، يەنە ئۆزۈمنىڭ يارىسەن.

* *

كۆردۈم سېنى، كەتتىم ھوشۇمدىن ئايلىنىپ،
پەرۋانىمەن ئۈپچۆرەڭدە ئايلىنىپ.
ئايىغىڭغا كىرسە تىكەن، كىرپىكىمدە مەن ئالاي،

سادىغاڭمەن، كەتسۇن جېنىم ئايلىنىپ.

*　　*

مەزلۇم قۇللاردەك يالۋۇردۇم ھەردەم،
قۇلىقىڭ يېنىغا يەتمىدى ئۈنۈم.
يۈرىكىڭ زادى تاشمۇ بىلمىدىم،
قىلغان زارىمدىن چىقمىدى ئۈنۈم.

## قىغان

فەلەك قىلمىدى ماڭا قىلچە تەرەھھۇم،
ئېرۇر مەقسىدى سالماق مېنى دۇم.
پۈتمەس - تۈگىمەس ئازاب - ئۇقۇبەت،
قەددىمنى دال قىلدى، قىلىبان ھۇجۇم.

بىلمىدىم، ياكى مەن بەختسىز تۇغۇلدۇم،
ۋە ياكى قىلمىشىم تۈپەيلى غەمگە بوغۇلدۇم.
ئەل ۋە ئەلادقا قىلالمىدىم ياخشىلىق،
ئارزۇيۇم بولدى خازان، خەس كەبى سولدۇم.

تۈپەيلىمدىن پەرزەنتلىرىم چېكەر ئىزتىراب ...
مەن ئۈچۈن كۈن ۋە تۈن تارتىدۇ ئازاب.
بەختسىزلىك مېنى ئەيلىدى جۇدا ھەممىدىن،
ئىرغىتىپ تاشلاندىم گوياكى «سېسىق تاب».

## سەۋگى دەردى

كىرپىكىڭ ئوقى بىلەن، قويدۇڭ يۈرەكنى سەن تېشىپ،
كۆكرىكىمگە تولدى لىق قان، چىققۇسى جىزمەن تېشىپ.

سەۋگى دەردى بەك ئېغىركەن، ئېگىلدى گەۋدەم دال بولۇپ،
چىدىدىم شۇنچە ئەلەمگە دەردىمگە ۋەدەڭ دال بولۇپ.

يەتكۈدەك قىينالدى بۇ جان، كۆرگەن ئازابىم ئاز دېمە،
رەھىم قىل، قالسۇن ھوشۇم، ئەمدى ئەقىلدىن ئاز دېمە.

تولدى سەۋرىم كاسىسى، تۇردى ئەمدى تاشقىنى،
سال نەزەر كۆز ياشلىرىمغا گوياكى دەريا تاشقىنى.

نالىشىمدىن ئەل زېرىكتى، ساڭا يەتمەسمۇ ئۈنۈم،
شۇنچە زارىم بوش كېتەرمۇ، زادى چىقماسمۇ ئۈنۈم.

زۇلۇم ئىلە قويدۇڭ ماڭا، كەڭرى جاھاننى تار قىلىپ،
تەلۋىلىكتە چىقتى نامىم، كەتتى ئەلگە تارقىلىپ.

يۈمشىسۇن دىلىڭ سېنىڭ، يوقلا مېنى سەن يار كېلىپ،
قانغا تولدى كۆكرىكىم، ئىشەنمىسەڭ سەن يار كېلىپ.

## جاۋابسىز

ئۇماق يار قايتىمدىن يازدىم، ئۇشبۇ نامەمنى ھۇزۇرۇڭغا،
كەچۈرگىن دىخلى يەتكۈزسەم، سېنىڭ كەيپۇ ھۇزۇرۇڭغا.

نەچچە يول يوللىغان خەتلىر جىممىسى بىجاۋاب ياندى،
ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ باغرىم، بولۇپ خۇددى كاۋاب ياندى.

ئىلاجىم يوق ساڭا ئېيتماي، بېشىمنىڭ ئىچ - تېشى قاتتى،
سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ يارىم، غېمىمگە قايتا غەم قاتتى.

جاۋابسىز قايتۇرۇپ خەتنى، مېنىڭ ھالىمنى تەڭ قىلدىڭ،
يېتەتتى باشقا كۈلپەتلەر، جاپانى سەنمۇ تەڭ قىلدىڭ.

## ئىستىكىم

ياش تۆرۈپ كۆيدۈم ساڭا، كۈتتۈم سېنى باشتىن - ئاياق،
ئىستىكىم ئىچمەك ئېرۇر ۋەسلىڭ مېيىدىن بىر ئاياق.

سىل كۆرۈپ ئايدەك يۈزۈڭ، كەتتى يۈرەككە ئوت تۇتىشىپ،
ئاھلىرىم يالقۇنىدىن يەتتى فەلەككە دۇد تۇتىشىپ.
كۆرمىدىم قايتا يۈزۈڭنى كۆيگەن يۈرىكىم قانغۇچە،
كۈنساناپ ئۈلغايدى دەرد، ئىلىكتىن قانغۇچە.

ئۇيقۇ يوق كۆزۈمدە ھەرگىز، يىغلايمەن ھەر تۈن تاڭغىچە،
بىلمىدىم جېنىم چىقارمۇ، كۆكسۈمگە سېنى تاڭغىچە.

خۇش قىلىپ دۈشمەنلىرىم، قويما مېنى ئۇياتقا سەن،
نېمە قىلساڭ سەن ئۆزۈڭ قىل، قىيناتمىغىن ئۇ ياتقا سەن.

ئۇنتۇلار كۆرگەن جاپالار، ئاغرىسا ئاخىر ئىچىڭ،
ناز بىلەن دېسەڭ ئەگەر: ۋەسلىم مەيدىن بىر ئىچىڭ.

يالۋۇرۇپ ئېيتاي ساڭا: مەن خەستىنى كۆپ ئەزمە سەن،
بۇ ئۇزۇن خەتنى كۆرۈپ، دېمىسەن چوقۇم: كۆپ ئەزمەسەن.

## ئەسسالامۇئەلەيكۇم

سالامەت تۇرغانلا، ئەي ئاكايى ئەزىز،
ساپ يۈرەك، مېھرىبان، سۆزلىرى لەزىز.
تاش بۇۋى، فەرزەندلەر تۇرغاندۇر ئامان،
ئېسەنلىك تىلەيمەن، تەڭرىدىن ھامان.
سالامەت تۇرغاندۇر قەدىرلىك شۇكۇر،
مۇتىئى ئاكىغا تىلەيمەن ئۆمۈر.
خەستە دىل مەن غېرىب تۇردۇم سالامەت،
سېغىنىپ دوستلارنى، چېكىپ نادامەت.
زىيائىي ۋە خاتى قىلدى كۆپ تەسىر،
نە ئىلاج چىدىماي، شۇ بولسا تەقدىر!
ئائىلە دەردىدىن خۇش بولماي كەتتى،
ۋە لېكىن مىللەتكە كۆپ خىزمەت ئەتتى.
ئاڭلىماي دوستانە پەندى - نەسىھەت،
كەلدىمۇ شەھرىمگە، تارتتىم كۆپ كۈلپەت!
مۇساپىر كەبىمەن يۇرتۇمدا پەقەت،
يوق ماڭا زادىلا سىلەردەك ئۈلپەت.
ھەممە دەرد ئاسانكەن، تەس ئىكەن پىراق،
مۇنىسىم يوق يەنە ئۈرۈمچى يىراق.
مۇشۇنداق پەيتىدە كەلدى ئەپەندىم،
قانغۇدەك مۇڭدىشىش ئىستەپ قوۋاندىم.
ئەپسۇسكى، ئۇ كىشى بولدى ئالدىراش،
دېگۇسى كەلمىدى: ھالىڭ نە ئاداش؟
ئۆيۈمنى زادىلا سوراپ باقمىدى،
غېرىبنىڭ كۆلبىسى بەلكى ياقمىدى.
ھەر بارسام ئۈرۈمچى شەھرىگە تامان،
سالامغا چاپاتتىم ئۆيىگە ھامان،
كۈندۈزى مەجلىسۇ، كەچتە زىياپەت ...
مەن كەبى مۇخلىسقا تەگمىدى پەقەت.
گاھىدا مۇشۇنداق ئۆزگىرۇر جاھان،
مۇشۇمۇ ھاياتتا چوڭ بىر ئىمتىھان!
ئەقىدەم يىغىنسى ئېرۇر بۇ ئەشئار،
ئۆزلىرى ئوقۇپلا، شۇ يەردە قالار.

## ھال سوراش مەكتۇپى

(ھەزىل)

ھاللىرى نېچۈك ئېرۇر، تۇرغانلا ئوبدان ئاخۇنۇم،
ئاغرىشى توختاپ پىشاپنىڭ كەلگەندۇر ئاسان ئاخۇنۇم.
ھەممىمىز دائىم تىلەيمىز ئۆزلىرىگە ئافىيەت،
بەرگۇسى ئۆزى شىپا، قادىرى سۇبھان ئاخۇنۇم.
باشقا كەلسە ھەر پالاكەت، ئۆزىمىزدىن كۆرگۈلۈك،
بۇ كېسەلنىڭ ئۈلىنى ياشلىقتا قۇرغان ئاخۇنۇم.
چارىكى كەم بىر ئەسىر قىلغاچقا شوخلۇقنى تولا،
ئاقىۋەت مۇدھىش كېسەللىك نەق جايىنى تۇتقان ئاخۇنۇم.
نەۋقىران ياشلىقىدا ۋاڭ ئوردىسىنى «زەبت» ئېتىپ،
«قارا چاچ ئايىم»لىغا بولمىشلا مېھمان، ئاخۇنۇم.
چەۋچەكۇ، ئېمىللىدا بايۋەچچىلەرلە دوست بولۇپ،
كېچە - كۈندۈز ئەيش ئىلە سۈرمىشلە دەۋران ئاخۇنۇم.
ئۆزلىرى بولغاچ ئىمام ۋاقىفى ئەسرارىلەر دېدىكىم:
ئېردى بۇ زاتقا شاگىرت جۇملە شەيتان ئاخۇنۇم.
توختىتاي تەۋسىپلىرىنى قىسقىچە مەن شۇ بىلەن،
شەرھى قىلسا بولغۇسى بىر كاتتا داستان ئاخۇنۇم.
ئېچىلۇر كۆڭلى دېبان بىر خامە چەكتى خەستە دىل،
بەئەزىسى ئېرۇر ھەقىقەت، جىقى يالغان ئاخۇنۇم.
دىل يېقىنلىقتىن يېزىلدى بۇ ھەزىل كۈلكە ئۈچۈن،
ئۆزلىرى ئوقۇپ بولۇپ، تۇتقايلا پىنھان ئاخۇنۇم.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

مىرسۇلتان ئوسمانوف

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چەھار دىۋان» ىدىكى بەزى شېئىري پارچىلار توغرىسىدا

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چەھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىدە بۇ كەمگىچە نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرىيەتكە خاس ئەسەرلىرىدىن غەزەللەر بىلەن مۇخەممەسلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشىمىز نەتىجىسىدە بايقالغان مەسىلىلەر «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يېڭىدىن بايقىغان غەزەللىرى» نامى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانىدى. بۇ قېتىم يەنە شۇ «چەھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىدىكى شېئىرىيەتكە دائىر تېكىستلەر ئۈستىدە ئاز - تولا ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يەنە بەزى مەسىلىلەر بايقالدى. بۇ مەسىلىلەرنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## 1. تەرجىئىي بەندلەر توغرىسىدا

1) نەۋائىينىڭ «چەھار دىۋان»نىغا كىرگۈزۈلگەن تەرجىئىي بەندلەر بۇ ئەسەرنىڭ ئەنقەرە ۋە تاشكەنتتە قىلىنغان نەشرلىرىدە قايتۇرمىسى تۆۋەندىكى بېيىتلار بىلەن ئاياغلاشقان تۆت تەرجىئىي بەندتىن ئىبارەت.

بىرىنچىسى: «غەرايىبۇسسىغەر» دە:

خەرابات ئارا كىردىم ئاشىفتە هال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سىنغال سەفال.

ئىككىنچىسى: «نەۋادىرۇششەبباب» دا:

يەقاسىز دۇر جەهان رەئناسى ۋەللاھ،
جەهان رەئناسى يوقكى ماسەۋەللاھ.

ئۈچىنچىسى: «بەدايىئۇلۋەسەت» تە:

يادىڭنى قىلاي هەرنفى مەجلىس،
پىكرىڭنى ئېتەي كۆڭۈلگە مۇنىس.

تۆتىنچىسى: «فەۋايىدۇلكىبەر» دە:

يەنە مۇغ دەيرىغە كىردىم سەرمەست،
مەي تۇت، ئەي مۇغبەچەئى، بادە پەرەست.

بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزگە ئاساس بولغان قولىيازمىلاردا گەرچە قايسى دىۋانغا مەنسۇپلۇقى مەلۇم بولمىسىمۇ، بىرىنچى تەرجىئىي بەندتىن كېيىنلا تۆۋەندىكى تەرجىئىي بەند بېرىلگەن:

ئەي ئارەزى گۈل خوجەستە دىدار،
تۇبادىن ئېرۇر قەددىڭ نەمۇدار.
تۇبا قەددىڭە ئەگەرچە مانەند
بولسا، يوق ئاڭا ۋەلېك رەفتار.

بار خوبلۇقۇ لەتافەت ئىچرە،
جەننەت گۈلىدىن يۈزۈڭگە يۈز ئار.
گەر گۈل يۈزىگە نەزارە قىلسام،
سەنسىز كۆزۈم ئالدىدا ئېرۇر خار.
گەر كۆرمەسەم ئېردى ئارەزىڭنى،
جانىم چىقار ئېردى، بەسكى، ئەي يار.
غەم نىشىدىن ئاھ سەنسىزىن ئاھ،
كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق پەدىدار.
ئەمدىكى قاراردى رۇزگارىم،
تەڭدۇر ماڭا كۈندۈزۈ شەبى تار.
مۇنداغ ماڭا بولدى كېچە ـ كۈندۈز،
كىم كۆرمەس ئېسەم سېنى مەنى زار.
ۋەسلىڭنى قىلىپ زەمان ـ زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

خۇش ئۇلكى ئېردىڭ ئەنىسۇ ھەمدەم،
دىۋانە كۆڭۈلگە جانىمە ھەم.
جانىم ئارا شادلىغ بەغايەت،
كۆڭلۈم ئارا ھەدسىز ئېردى بىغەم.
ھەر نۇكتەكى سەندىن ئۇلدى زاھىر،
ھەرلەفزىدە مىھر ھەرپى مەد غەم.
ھەر زەخمكى بار ئېردى كۆڭۈلدە،
سەندىن يېتەر ئېردى ئاڭا مەرھەم.
گەردۇن كۆرە ئالمايىن ھەسەد يەپ،
يەتكۈردى كۆزۈمگە نەشتەرى غەم.
چۈن كۆزلەرىم ئۇلدى دەرد پۇردەرد،
كۆزۈمگە قاراردى بارچە ئالەم.
غەم دامىغەكىم بولۇپ گىرىفتار،
تالىئ يوقى مەندىن ئەيلەبان خەم.
كۆز بولدى يۈزۈڭدىن ئاھ مەھرۇم،
جان ۋەسلىڭە بولمادى چۇ مەھرەم.
ۋەسلىڭنى قىلىبان زەمان ـ زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

* * *

زەئفىمغە سەبەب سېنىڭ جەمالىڭ،
قەددىم خەمىغە جەھەت ھىلالىڭ.
لەب تەشنەلىغىمغە بائىس، ئەي يار،
ھەيۋان سۈيىدەك ئىككى زۇلالىڭ.
بىسەبرۇ شەكىب ئەگەر ئېرۇرمەن،
بائىس ئاڭادۇر ئىككى خەيالىڭ.
بىر لەھزە تەھەممۇل ئەيلەي ئالمان،
كۆڭلۈم نېچۈك ئۇلغاي ئەمدى ھالىڭ.
ئەي دىدە، ئەگەر ساڭا قۇسۇر يوق،
ھىجر ئۆتسەۋۇ يەتسە گەر ۋىسالىڭ.
بىسەبرۇ شەكىب ئىلە تەھەممۇل،
بۇ نەۋئ كۆرۈپ مېنى ئۇيالىڭ.
ۋەسلىڭنى تاپالماسام، نىگارا،
ھەمدەم بولۇبان ماڭا خەيالىڭ.
ۋەسلىڭنى قىلاي زەمان ـ زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

* * *

كۆرسەم يەنە سەن ئەنىسى جاننى،
جان مۇنىسى يارى مىھرباننى.
يۈز شەۋق ئىلە سەرف ئېتەي يولۇڭدا،
جان بىرلە ھەياتى جاۋىداننى.
ئەييامى ۋىسالىڭا يېتىشسەم،
شۇكرانە بېرەي شىكەستە جاننى.
قەددىڭنى ۋىسال ئىچرە① كۆرمەي،
كۆرگەنچە كۆرگەمەن سىناننى.
كىم ھىجر ئارا خەنجەرى جەفانى،
ئاقىزدى كۆزۈم سىرىشكى قاننى.
كىرپىكلەرىم ئاچتى ئانچە گۈللار،
كىم مۇنفەئىل ئېتتى گۈلىستاننى.

① بۇ سۆز «ئىچىدە» يېزىلغان بولسا ۋەزنىگە ئۇيغۇن بولاتتى.

ۋىرد ئىشى كۆرگەنىن كۆرەرمەن،
كۆزۈم قاراۋۇ يارۇق جەھاننى.
تەقرىب قىلىپ ئارادا پەيدا،
ھەردەم چېكەيىن دېسەم فىغاننى.
ۋەسلىڭنى قىلىپ زەمان ـ زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

* * *

تا ئەيلەدى غەم تەنىمنى بىتاب،
غەم ئىشىكى بولدى كۆزگە مىھراب.
ھەر نېچەكى دەر بەدەر يۈگۈردۈم،
ھېچ ئۇلمادى ماڭا فەتھى ئەبۋاب.
نېكىم① بار ئىدى ئاڭا مۇھەييا،
ياندى دېسە ماڭا بەختى ناياب.
چۇن تىيرەلىك ئولدى ماڭا قىسمەت،
جىسمىمنى بۇ غۇسسە قىلدى بىتاب.
غەم تىغىۋۇ ھەجر خەنجەرىدىن،
قەتلىمغە فەلەك تۈزەتتى ئەسباب.
سۇ ئىچكەلى نىش كۆزدىن ئاقتى،
ئىككى كۆزۈم ئولدى تولا خۇناب.
قان ئېتتى ھەزىن كۆڭۈلنى غۇسسە،
ئاندىن كۆزۈم ئولدى گەرچە بىئاب.
بۇ نەۋئ بەلايى زۇلمەت ئىچرە،
كۆڭلۈم ئارا كېچە يادى ئەھباب.
ۋەسلىڭنى قىلىپ زەمان ـ زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

* * *

يەتكۈزدى فەلەك كۆڭۈلگە مىھنەت،
مىھنەتزەدەلىك بىلە مۇشەققەت.
ھالى ماڭا يەتتى دەھر ئاراكىم،
يەتمەي كىشىگە بۇ نەۋئ ھالەت،
تا سۇرەتىڭ ئولدى ماڭا تەسۋىر،
ئاللىمغا كېلۇر غەرىب سۇرەت.
كىم شەرھىنى ئەيلەسەم تۈگەنمەس،
ھەر نەچچەكى ئۇمر بەرسە مۇھلەت.
بىر شەممە بەيان قىلاي غەمىدىن،
قىلجۇملەكى بار دېمەككە فۇرسەت.
يەتتى كۆزۈمە غەرىبلىقىغە،
غەم نىشىۋۇ مەن ئەسىرى غۇربەت.
ئەۋۋارەلىقۇ غەرىبلىق ھەم،
تۈتتىلار ئېسە كۆڭۈلگە ئۇلفەت.
ھەر لەھزە يېتەر ماڭا بەلايى،
كۆزۈم ئارا داغى نىشى ئافەت.
ئانداكى ۋىسال دەۋرى بولغاي،
كۆرگۈزمەيىن ئولسا ماڭا خىجلەت.
بولۇپ بۇ كۆزۈمكى قان ياشىغە،
يەتكۈرسە فىراق نىشىنى شىددەت.
يۈز دەردى فىراق جانىغە قويدۇم،
كۆيگەن سارى ئۆترۈ داغى فۇرقەت.
ۋەسلىڭنى قىلىپ زەمان ـ زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

* * *

فەريادكى، دەھر بىۋەفادۇر،
غەم ئورنىغە شىۋەسى جەفادۇر.
ھەر شۇئبەدەئى كى زاھىر ئېتسە،
دەرد ئەھلىغەكىم نېدىن بەلادۇر.
بۇ نەۋئ بەلالار ئىچرە② كۆڭلۈم،
يۈز ۋاي ئاڭاكى مۇبتەلادۇر.
ئول خۇد مەنۇمەنكى ھەجر ئۇتىغە،
جان بىرلە كۆڭۈل ئارا يانادۇر.
سەندىنكى يىراق ناغۇ تۇشكۇم،
ھەر نەۋئ كۆڭۈل كۆيەر سەزادۇر.
يۈز ھەيف ئېرۇر، ۋە لېك بۇ ھەم،
يارۇغلۇقىدىن كۆزۈم جۇدادۇر.

① بەزى قولىيازمىلاردا «تاكىم» ئېلىنغان.

② بۇ سۆز «ئىچىدە» يېزىلغان بولسا ۋەزىنگە ئويغۇن كېلەتتى.

غەم نەشتەرى تا كۆزۈمگە كىردى،
ئالەم كۆزۈم ئالدىدا قارادۇر.
ھەر نەچچە بەلايى ھەجر بولسە،
سەن كۆرمەس ئىسەڭ مىنى رەۋادۇر.
گەر ۋەسل نەسىبەم ئولسە داغى،
كۆرمەي سىنى مەن، ماڭا بەلادۇر.
دەھر ئىلكى بىلە نەچەكى سەنسىز،
پىراھەنى سەبرىم ئىرغانادۇر.
دىرمەنكى: بەھىچ نەۋئ ئۇنۇتماي،
ۋەسلىڭ شەۋقى كۆڭۈل ئارادۇر①.
ۋەسلىڭنى قىلاي زەمان – زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

* * *

ھەر سۇبھى دەمى قىلىپ تەئەممۇل،
ئۆز ھالىمە ئەيلەدىم تەغافۇل.
ھەرھال ئىلە تەرەققىي قىلماي،
ھەر لەھزە ئىشىم قىلىپ تەنەززۇل.
ئۆزۈمنى خەراب ھال كۆردۈم،
تۈشتى بەدەنىم ئارا تەزەلزۇل.
چۈن سەيرى كۆڭۈل شىئارى بولدى،
يوق باك گەر ئولماسە تەھەممۇل.
لېكىن ماڭا رۇيەت ئېتتى بۇ دەرد،
قانىن ئاقىزىپ سىرىشكى مۇل – مۇل.
مىئمارى قەزا كۆزۈم ئۆيىنى،
دەھر ئافەتى بىرلە دىدى: يۇمرۇل.
تەم – تەمكى ئاقىزدى كۆزلەرىم قان،
قىلدى بارى يەر يۈزىنى گۈل – گۈل.
غەم نىشى بىلە كۆزۈم ئۆيىنى،
دەفئ ئەيلەمەسە ھىبا تەقابۇل.
گەر كۆرمەك ئانىڭ خەيالى بىرلە،
كۆرگۈزمەسە خۇشدۇرۇر تەخەييۇل.
بۇ نەۋئ ئىلە سەبر مۇلكى ئىچرە②،
دېسەم كىرەيىن قىلىپ تەغافۇل.
بىسەبر بولۇپ بۇ ئىشكە ناگەھ،
سەنسىز قىلا ئالماسام تەھەممۇل.
ۋەسلىڭنى قىلىپ زەمان – زەمان ياد،
ھەجرىڭدە چېكەي فىغانۇ فەرياد.

2) يۇقىرىدا تۆت تەرجىئىي بەند قاتارىدا كۆرسىتىلگەن ئىككىنچى تەرجىئىي بەند ئەسلىدە 9 بۆلۈمدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەنقەرە ۋە تاشكەنتتە قىلىنغان نەشرلەردە بۇ تەرجىئىي بەندنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى بېرىلمەي قالغان. بېرىلمەي قالغان بۇ ئىككىنچى بۆلۈم بىزنىڭ قولىيازمىلىرىمىز بويىچە تۆۋەندە بېرىلدى:

جەھان تۇپراغ ئېرۈر شەكلى مۇدەۋۋەر،
ئاڭا قايدىن بەقا بولسۇن مۇيەسسەر.
خۇسۇسەنكىم فەنا دەشتىدىن ئېسكەي،
ئۇشۇل تۇپراق ئەتراپىغە سەر – سەر.
بۇ تۇپراق ئۇزرە ئۇل سەر – سەر يولىدىن،
مۇقىررىكىم قىلىسە غافىلدۇر مۇقەررەر.
قارا تۇپراقكىم ساۋۇرغاي ئانى،
يەقىندۇركىم بىلۇر زۇلمەت سەراسەر.
بۇ زۇلمەت ئىچرە بىر سۇ ھەسرەتىدىن،
ھەلاك ئەيلەر ئەگەر بولسۇن سىكەندەر.
چېكەر گۆر ئىچرە ئاخىر گەر جەھاننى،
كىشى بەھرامدەك قىلسۇن مۇسەخخەر.
فەنا غارىغە كەيخۇسرەۋ مەسەللىك،
سالۇر گەر خۇد سىپىھگەدۇر يەتتە كىشۋەر.
كۆرەر ئاندىن فۇتۇر ئەر بولسە فەغفۇر،
تاپار ئاندىن قۇسۇر ئەر بولسە قەيسەر.
كېچىپ ئاندىن، كۆڭۈل تەڭرىگە باغلا،
تەئالا شەئنەھۇ ئەللاھۇ ئەكبەر.
كى ھەق باقىيدۇرۇر دۇنيا ئەرۇسى،
ئېرۈر فانىي نەچە كۆرگۈزسە زىۋەر.
دېدىڭ گەر ئايەت پەندى مۇشفىقانە،
ئەگەر مەندىن قىلۇر سەن سۆزنى باۋەر.
بەقاسىزدۇر جەھان رەئناسى ۋەللاھ،
جەھان رەئناسى يوقكىم ماسەۋەللاھ.

---

① بۇ مىسرادا ۋەزىن كەملىك قىلىدۇ.
② بۇ سۆز «ئىچىدە» يېزىلغان بولسا ۋەزىنگە ئۇيغۇن كېلەتتى.

## 2. قىتئەلەر توغرىسىدا

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «چەھار دىۋان»ىغا كىرگۈزۈلگەن قىتئەلىرىنىڭ ئېنىق سانى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «چەھار دىۋان»نىڭ ئەنقەرەدە قىلىنغان نەشرى بىلەن تاشكەنتتە قىلىنغان نەشرىدىكى قىتئەلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ھەر ئىككى ئورۇندىكى نەشرگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 210 قىتئە كىرگۈزۈلگەن. بۇ قىتئەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىمۇ ئوخشاش. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر پەرق پەقەت بەزى قىتئەلەرنىڭ بىرىكتۈرۈپ كۆرسىتىلىشىدە ياكى ئىككىگە ئايرىپ كۆرسىتىلىشىدىلا كۆرۈلىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككىنچى بىر پەرق شۇكى، تاشكەنت نەشرىدىكى «بەدايىئۇلۋەسەت»نىڭ 489 - بېتىدىكى:

«تىرىك چۇ ئاخىر ئۆلەر بەس، ئۆكۈش غەم مۇھلىك» دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان قىتئە ۋە يەنە شۇ بەتتىكى:

«ئەجەل چۇن مۇقەررەردۇر ئۆلمەك ئۇچۇن بەس تەمەئدىن» دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان قىتئە «فەنا ئەھلىنى ئۆز ۋەقتىنىڭ پادىشاھى دەپتۇر، بەلكى ۋەقت پادىشاھىنى ئانىڭ گەدايى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى:

«گەدالىغ ياخشىراق ئەھلى فەنادىن» دەپ باشلانغان قىتئەدىن كېيىنلا بېرىلگەن. ۋاھالەنكى، ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «بەدايىئۇلۋەسەت»نىڭ 495 - بېتىدە بۇ كېيىنكى قىتئە 668 - نومۇردا بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئۇلىنىپ كەلگەن ئالدىنقى ئىككى قىتئە بېرىلمىگەن.

بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلىنىلغان قولىيازمىلاردىمۇ بۇ ئىككى قىتئە ئۇچرىمىدى.

نەۋايى ئىجادىيىتىدىكى قىتئەلەر بىلەن رۇبائىيلار، شۇنىڭدەك «چىھىل ھەدىس»كە كىرگۈزۈلگەن پارچىلارنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى، يەنى كۆپىنچىسى ئومۇمەن تۆت مىسرالىق بولغانلىقى ئۇچۇن، بىزدىكى قولىيازمىلاردا كاتىپلار تەرىپىدىن كۆپ ھاللاردا بۇلار تەربىيەۋى نۇقتىدىنلا قارالغان ۋە نەۋايى «چەھار دىۋان»لىرىغا ئارىلاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

نەۋايى قەلىمىدىكى قىتئەلەر ئۈستىدە بولغان ئىزدىنىشىمىزدە بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى چىگىچنى ئۇنۇملۇك ھالدا يېشىش مۇمكىن بولمىدى. نەتىجىدە قىتئەلەرنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قالغان تۆۋەندىكى 8 كۇپلېت شېئىرىي پارچىنى ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرىدىكى رۇبائىيلار قاتارىدىمۇ، قىتئەلەر قاتارىدىمۇ كۆرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن قىتئەلەر ھېسابىدا بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئەسالەت گەۋھەرى يۈنانى بارلاس،
سەخاۋەت مۈلكىنىڭ بەلا نىشىنى.
چۇ كۆردىكىم سەفال ئىچىگە سالىپ،
ئىچەدۇر يادە بۇ مىھنەت قەرىنى.
دېدى: چىنى سۇراھىم باردۇر، ئالغىل،
سۆزى دېدى، ۋەلې يوق ئېردى چىنى.

بىرەۋنىڭ خەۋفى كۆپرەك شەھ قاشىدا،

كى شەھنىڭ بار ئاڭا تەئزىمى كۆپرەك.
ئېرۇر شەھ مەجلىسى ئوت، كىمكى ئۇتغە
ياقىنراق بولسە كۆيمەك بىمى كۆپرەك.

دېدى: ماڭا باقىي بەگ ئەلبەتتە سىپاھى بول،
ئازۇردەدۇر ئول سۆزدىن بۇ خاتىرى غەمناكىم.
مەن رىندى خەراباتىي نەۋكەرلىك ئىشى مۇشكىل،
كەلمەس بۇ ئىش ئىلكىمدىن باقىي بەگ ئېرۇر ھاكىم.

* * *

رىيايى شەيخىمىزنىڭ مەسجىدىدە،
چۇ دېرلەر زىكر ئەيلەرلەر ئەلالا.
ئايالغۇۋۇ ئۇسۇلۇ لەھن ئىلە ئول،
ئېمەسدۇر زىكر ئول دېر ناتەلالا.

* * *

ساھىبى ئەئزەم نىزامۇل ـ مۇلك چۈنكىم بولدى ئىزل.
ھەجۋلەر قىلدى ئەتارۇد چەرخى كەج رەفتارنى.
چۈن ھەۋادىس تۇند بادى ئېستى بەرباد ئەيلەدى،
يوقكى مىھرۇ دەفتەرۇ زىلۇچە يوقۇ بارنى.
بەند تۇتماغلىق① بەس، ئېرمەس ئېردىكىم بىچارەلىق،
بىر يولى سالدى ئاياقدىن ئول فەقىرۇ زارنى.
كەلتۇرۇرلەر سورغالى دىۋانغە ئانى خاجەلەر،
ۋاقىئا بۇ نەۋئ سورغاي دوستلار بىمارنى.

* * *

سەدىر كاتىب يوق مېنىڭ شېئرىمكى، ھەر كىم شېئرنى
يازغالى ئالدى قەلەم، بارىن غەلەت قىلدى رەقەم.
تا قەلەم ئۇردى قاراغە يازمادى بىر ھەرف راست،
كىم خۇدا قىلغاي ئانىڭ يۈزىن قارا، ئىلكىن قەلەم.

* * *

فەلان بايكىم قويى بەش مىڭدىن ئارتمىش،
يەنە ھەم مىڭدىن ئارتۇق ساغلىق ئەچكۇ.
قوزىلىق قوي دېدىيۇ تاندى ئاخىر،
كى ئاندىن ياخشىراق ئوغلاغلىق ئەچكۇ.

* * *

ئىلاھا، ئول رەقەمىكىم چېكىپدۇرۇر قەلەمىم،
مىنەششەرارە ئەۋ غەيرەھا فەرەرتە لەدەيك.
ئەگەر خۇد ئولسا مەلىھ ئەجرى رەھمەتىڭدۇر تەڭ،
ۋەلەۋ يەكۇنۇ قەبىھا فىمەنھۇ تۇبتۇ ئىلەيك.

## 3. رۇبائىيلار توغرىسىدا

ئەلىشىر نەۋايى رۇبائىيلىرىنىڭ ئېنىق سانى تېخى مەلۇم ئەمەس. بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان رۇبائىيلىرى پەقەت «غەرايىبۇسسىغەر»دىلا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن. مەيلى ئەنقەرەدە، مەيلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «غەرايىبۇسسىغەر»دە بېرىلگەن رۇبائىيلار ئوخشاش 133 پارچە. بۇ 133 پارچە رۇبائىينىڭ ئىچىدە **«ئىسيان تۇتۇنى بېرمەيۇ چېھرەمگە ئەمان»** (قاراڭ: ئەنقەرە نەشرى «غەرايىبۇسسىغەر» 562 ـ بەت، №838، تاشكەنت نەشرى «غەرايىبۇسسىغەر» 583 ـ بەت №105)، **«جانىمدا خۇماردىن ئەزاب، ئەي ساقىي»** (قاراڭ: ئەنقەرە نەشرى «غەرايىبۇسسىغەر» 566 ـ بەت، №855، تاشكەنت نەشرى «غەرايىبۇسسىغەر» 587 ـ بەت، №122)، **«نې دەشتى مەخۇف ئېمىش فەنا سەھراسى»** (قاراڭ: ئەنقەرە نەشرى «غەرايىبۇسسىغەر» 567 ـ بەت، №858، تاشكەنت نەشرى «غەرايىبۇسسىغەر» 587 ـ بەت، №125) بىلەن باشلانغان ئۈچ رۇبائىيدىن باشقا 130 رۇبائىي بىزدىكى قوليازمىلارغا ئېلىنغان رۇبائىيلار بىلەن ئوخشاش.

ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرلىرىدە كۆرۈلمىگەن، بىزدىكى قوليازمىلارغا ئېلىنغان 14 رۇبائىينى ھېسابقا ئالغاندا، نەۋايىنىڭ رۇبائىيلىرى جەمئىي 147 بولغان بولىدۇ، بىز بۇ 14 رۇبائىينى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىمىز.

① بىر قولىيازمىدا «بەند تۇتقۇنلۇق» ئېلىنغان.

ئول ئالىمى ئەللامغە يۈز ھەمدۇسەنا،
كىم ئادەم ئىلە تۈزدى چۇ بۇ دەيرى فەنا.
ئىلمىغە مەلەك سۇرمەدى بىر ھەرف يانا،
جۈز نۇكتەئى سۇبھانەكە لائىلمى لەنا.

*　*　*

مەي نەفئىنى ئەيلەدىڭ شىئار، ئەي ۋائىز،
تۇتتۇڭ رەھى ئىشقى تەئن تار، ئەي ۋائىز.
تەركى مەيۇ مەھبۇب ئېتىپ جەننەت ئۇچۇن،
شەرم ئەيلەكى جەننەتتە نە بار، ئەي ۋائىز.

*　*　*

ھەرقايدا بەھار ئولسە، چەمەن بولسە كېرەك،
ھەرقايدا چەمەن بولسە، گۈل سەمەن بولسە كېرەك.
ھەرقايدا خەزان بولسە، تىكەن بولسە كېرەك.
ھەرقايدا تىكەن بولسە، رەنجى مىھەن بولسە كېرەك.

*　*　*

ھىجران سىتەمى يامان ئېمىش بىلمەس ئىدىم،
ھەر لەھزە ۋىسال شۈكرىنى قىلماس ئىدىم.
گەر بىلسە ئايرىلىغ ئىدىمكى مۇنچە ئېمىش①،
بىللاھكى، دەمىي ياردىن ئايرىلماس ئىدىم.

*　*　*

كۆڭلۈمدە بۇكىم كەئبە سارى كەتكەيمەن،
فىكرىمدە بۇكىم بارچەنى تەرك ئەتكەيمەن.
ئۆمرۈم تۈگەنۈرگە يېتىشىپدۇر، يا رەب،
ئول مەنزىلى مەقسۇدغە ھەم يەتكەيمەن.

*　*　*

تۇتتۇم بۇكى سېن كەئبە سارى كېتكەيسېن،
ئول مەنزىلى مەقسۇدغە ھەم يەتكەيسېن.
بۇ خەستە كۆڭۈلكى تەگرىنىڭ جايىدۇر،
گەر جايىنى تۇتمىغايسېن، يىتكەيسېن.

*　*　*

گۈل باردى ئېسە چەمەن مۇئەتتەر بولسۇن،
شەمئ ئۆچتى ئېسە قۇياش مۇنەۋۋەر بولسۇن.
شەھزادەگە گەر رۇزە مۇيەسسەر بولسۇن،
سۇلتانغە جەھان مۇلكى مۇسەخخەر بولسۇن.

*　*　*

دەۋلەت ساڭا كەلمەگۈسى تەدبىرىڭ ئىلە،
مىھنەت داغى كەتمەگۈسى تەقسىرىڭ ئىلە.
ھەر سۇدۇ زىيانىيكى جەھاندا كۆرسەڭ،
ھەق ئەمرى بىلە بولۇر نە تەدبىرىڭ ئىلە.

*　*　*

زاھىد خۇش ئېمەستۇر خەرابات ئىچرە،
فاسىق نە تىلەر ئەھلى مۇناجات ئىچرە.
غۇربەتنى قاتىغ تۇتۇپدۇر ئاندىن بارىي خەلق،
بۇدۇركى تۇشەر كىشى سۇرۇكى يات ئىچرە.

*　*　*

كافىر كۆزى غارەت ئېتتى ئىمانىمنى،
ئەقلۇ خىرەدۇ سەبرۇ دىلۇ جانىمنى.
كىرپىكلەردىن ياساپ قارا لەشكەر سەف،
ئالدى قارالاپ قەرارى ئىمكانىمنى.

*　*　*

يۈز نەئت ئاڭا كىم خەلقى كەرىم ئېردى فەنى،
يەئنىكى كەرەم كانى رەسۇل مەدەنى.
مۇنداغ دېدى: ئىلم ئەھلىنى ئەيلەرگە غەني،
مىن ئەكرەمۇ ئالىمەن فەقەد ئەكرەمەنى.

① بۇ مىسرا «گەر بىلسەم ئىدىمكى ئايرىلىغ مۇنچە ئېمىش» تەرتىپىدە كەلگەن بولسا مۇۋاپىق بولاتتى.

## قاپىيەسىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ز» بىلەن ئاياغلاشقان بەزى رۇبائىيلار توغرىسىدا

قاپىيەسىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ز» بىلەن ئاياغلاشقان رۇبائىيلار قاتارىدا ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرلىرىدە «ئەي قارا كۆز» رادىفلىق تۆۋەندىكى ئىككى رۇبائىي كۆرسىتىلگەن:

لەئلىڭنى قىلىپ نۇكتە سەرا، ئەي قارا كۆز،
ئىشق ئەھلى ھەياتىغە يارا، ئەي قارا كۆز.
چېكمە يەنە سۇرمە كۆز ئارا، ئەي قارا كۆز،
ئېل قانىغە قىلما كۆز قارا، ئەي قارا كۆز.

* * *

ئول كۆزكى دەمى بولمادى ساغ، ئەي قارا كۆز،
قانىمدىن ئىچەر مۇدام ئاياغ، ئەي قارا كۆز.
بىلمەنكى ئېرۇر ئاڭا فەراغ، ئەي قارا كۆز،
يا مەست ئىدى قويىدى تازە داغ، ئەي قارا كۆز.

لېكىن، بىزدىكى قولىيازمىلاردا «ئەي قارا كۆز» رادىفى بىلەن كەلگەن رۇبائىيلاردىن يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

D قولىيازمىدا يۇقىرىقى ئىككى رۇبائىي ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرلىرىدىكىگە تامامەن ئوخشاش بېرىلگەندىن باشقا تۆۋەندىكى ئۈچ رۇبائىي خاتىرىلەنگەن.

بۇلار:

*1. خالىڭ يۈز ئۇزە تاپتى فەراغ، ئەي قارا كۆز،*
*تەر ئەيلەمەيىن ھەنۇز دىماغ، ئەي قارا كۆز.*
*ھەيران قالسامكى ئول قاراغ، ئەي قارا كۆز،*
*نې ئۆسرۈك ئېرۇر دەمى نې ساغ، ئەي قارا كۆز.*

*2. خالىڭ يۈز ئۇزە تاپتى فەراغ، ئەي قارا كۆز،*
*يا مەست ئىدى قويىدى تازە داغ، ئەي قارا كۆز.*
*تىرناغىڭ ئېرۇر قارا ئوشۇل خال كەبى،*
*يا ھەربىرى كۆزگە بىر ئاياغ، ئەي قارا كۆز.*

*3. تا ئالدىڭ ئىلكىڭگە ئاياغ، ئەي قارا كۆز،*
*بۇ تەلبە كۆڭۈلنى قويما ساغ، ئەي قارا كۆز.*
*گەر بولماسا لايىق ئىلىك بەرمەك ئاڭا،*
*گاھى جۇر بولۇر بەرسەڭ ئاياغ، ئەي قارا كۆز.*

C قولىيازمىدا تۆۋەندىكى ئىككى رۇبائىي بېرىلگەن:

*4. خالىڭ يۈز ئارا تاپتى فەراغ، ئەي قارا كۆز،*
*يا قوندى قىزىل گۈل ئۇزە زاغ، ئەي قارا كۆز.*
*تىرناغىڭ ئېرۇر ئوشۇل قارا خال كەبى،*
*يا ھەربىرى كۆزگە بىر قاراغ، ئەي قارا كۆز.*

*5. تا ئالدىڭۇ ئىلكىڭگە ئاياغ، ئەي قارا كۆز،*
*تەر ئەيلەمەيىن ھەنۇز دىماغ، ئەي قارا كۆز.*
*ھەيران قالسامكىم ئول قاراغ، ئەي قارا كۆز،*
*نې ئەسرۇكۇ دەمى، نې ساغ، ئەي قارا كۆز.*

A قولىيازمىدا تۆۋەندىكى ئىككى رۇبائىي بېرىلگەن:

*6. تا ئالدىڭ ئىلكىڭگە ئاياغ، ئەي قارا كۆز،*
*بۇ تەلبەنى قويما لەھزە ساغ، ئەي قارا كۆز.*
*كەرەم ئەيلەمەيىن ھەنۇز دىماغ، ئەي قارا كۆز،*
*ھەيران قالسامكى ئال فەراغ، ئەي قارا كۆز.*

* * *

*7. خالىڭ يۈز ئۇزە تاپتى فەراغ، ئەي قارا كۆز،*
*يا قوندى قىزىل گۈل ئۈزرە زاغ، ئەي قارا كۆز.*
*تىرناغىڭ ئېرۇر ئوشۇل قارا خال كەبى،*
*يا ھەربىرى كۆزگە بىر قاراغ، ئەي قارا كۆز.*

* * *

بۇ ئۈچ قولىيازمىدا بېرىلگەن رۇبائىيلارنىڭ ھەممىسى «ئەي قارا كۆز» دېگەن رادىف بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، D قولىيازمىدىكى ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرلىرىدىكىگە ئوخشايدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەرقايسى مىسرالىرىنىڭ مەنە جەھەتتىن ماسلىشىش ئەھۋالىدا بەزى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ كېيىنكى رۇبائىيلارنى كاتىپلار ئويدۇرۇپ چىقارمىغان، لېكىن كۆچۈرۈشتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن.

ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلە ئەلشىر نەۋايى ئىجادىيىتىدە «ئەي قارا كۆز» رادىفى بىلەن ئاياغلىشىدىغان رۇبائىي زادى قانچە؟ بىزنىڭ قولىيازمىلىرىمىزدا كۆرۈلگەن بۇ رۇبائىيلارنىڭ قايسىلىرى ئەسلىگە ئويغۇن ياكى بىرقەدەر ئويغۇن كېلىدۇ؟ مەزمۇن جەھەتتىن بۇ رۇبائىيلارنىڭ مىسرالىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى قانداق بولۇشى بىرقەدەر مۇۋاپىق؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت.

قولىمىزدا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئۈچۈن باشقا ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەلشىر نەۋايى رۇبائىيلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇش مەسىلىسىگە ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قالار، دېگەن مەقسەتتە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقتۇق.

بىرىنچى:

4 - ۋە 7 - نومۇرلۇق رۇبائىيلار تامامەن ئوخشاش. بۇ ئىككى رۇبائىي بىلەن 2 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ پەرقى پەقەت 2 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، 2 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ ئىككىنچى مىسراسى بولغان «يا مەست ئىدى قويدى تازە داغ، ئەي قارا كۆز»نىڭ بۇ جايدا قوللىنىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىسرا D قولىيازمىنىڭ ئۆزىدە ھەم ئەنقەرە، تاشكەنت نەشرلىرىدىكى رۇبائىيدا كۆرۈلگەن. شۇڭا، 2 - نومۇرلۇق رۇبائىيدىكى بۇ مىسرا خاتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قالغان، دەپ ھېسابلىنىپ، بۇ رۇبائىينىڭ 4 - نومۇردىكى ئېلىنىشى مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

ئىككىنچى:

1 - ۋە 5 - نومۇرلۇق رۇبائىيلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇلارنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى، 1 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ بىرىنچى مىسراسى بىلەن ئىككىنچى مىسراسىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن ماسلاشمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەزمۇن جەھەتتىن 5 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسرالىرى ماسلاشقان. شۇڭا، بۇ رۇبائىينى 5 - نومۇردىكى ئېلىنىش بويىچە بېكىتىش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

ئۈچىنچى:

3 - ۋە 6 - نومۇرلۇق رۇبائىيلارنىڭ پەقەت بىرىنچى مىسراسىلا پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئىككىنچى مىسراسى ئاساسەن ئوخشاش. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرى پۈتۈنلەي باشقىچە. مەزمۇن جەھەتتىن كۆزەتكەندە 6 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ ئۈچىنچى مىسراسى ئەمەلىيەتتە 1 - ۋە 5 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ خاتا كۆچۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. تۆتىنچى مىسراسى بولسا 1 - ۋە 5 - نومۇرلۇق رۇبائىينىڭ ئۈچىنچى مىسراسىنىڭ خاتا ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇ رۇبائىي 3 - نومۇرلۇق رۇبائىيدىكى شەكلى بويىچە بېكىتىلسە مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

## 4. تۇيۇق (مۇھتەملات)لار توغرىسىدا

نەۋايى قەلەمىدىكى تۇيۇقلار پەقەت «بەدايىئۇلۋەسەت»تىلا بېرىلگەن. ئەنقەرە ۋە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «بەدايىئۇلۋەسەت»تە بېرىلگەن تۇيۇقلار جەمئىي 13 پارچە. بۇلاردىن بىزدىكى قولىيازمىلارغا ئېلىنمىغانلىرى 3 پارچە بولۇپ، بۇ ئۈچ تۇيۇقنىڭ باشلانمىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ياغدى جەۋرىڭ ئوقى ھىجرىڭ تاشىدەك»، «نەقش تۇتمىش كۆزدە ئول ياشىم مېنىڭ»، «نېچە دېدىم ئول سەنەمغە: بارماغىن» لاردىن ئىبارەت.

بىزدىكى قولىيازمىلارغا ئېلىنغان، لېكىن ئەنقەرە ۋە تاشكەنت نەشرىدە كۆرۈلمىگەن تۇيۇقلار 4 پارچە، بۇلار تۆۋەندىكىلەر:

ئەي نىگارا، كۆزلەرىڭدەك كۆز قانى؟
يىغلابان ھەجرىڭدە ئاقتى كۆز قانى،
تەلمۈرۈبان يولۇڭا، ئەي باغرى تاش،
ئىنتىزارىڭدا ئاقىپدۇر كۆز قانى؟

پەردەنى رۇخسارىڭىزدىن ئالماڭىز،
ناھەق ئۆلتۈردى مېنى شۇل ئالماڭىز.
گەر ئانارىستانغە سۇنسام ئېلكىمى،
ئايتۇر ئول: تۇرسۇن ئامانەت، ئالماڭىز.

* * *

ئەي نىگارا، قاشلارىڭدەك يا قانى؟
فۇرقەتىڭدىن پارە قىلدىم ياقانى.
ئاشىقى بىچارەدىن قىلغىل ھەزەر،
يا خۇد ئاھى تۇتقۇسىدۇر، يا قانى.

يار ئىشقىنىڭ ئاتەشى سوزەندەدۇر،
قايداكىم ئىشقىڭدۇرۇر سۆز ئاندەدۇر①.
بەخىدا ئىشقىنىڭ چېكەرمەن دايىما،
رىشتەدېك جانىم مېنىڭ سوزەندەدۇر.

* * *

## 5. فەرد (ئىككى مىسرالىق شېئىر)لەر توغرىسىدا

فەردلەر پەقەت «فەۋايىدۇلكىبەر»دىلا بېرىلگەن. فەردلەرنىڭ ئومۇمىي سانى تېخى ئېنىق ئەمەس. ئەنقەرە نەشرىدە 88، تاشكەنت نەشرىدە 86، تاشكەنت نەشرىدە كەم كۆرۈلگەن تۆۋەندىكى ئىككى فەردتىن باشقا قالغان 86سى ھەر ئىككى نەشردە ئوخشاش. كەم كۆرۈلگەن ئىككى فەرد:

ئەي قۇياش، يۈز كۆرسەتىپ، كۆزدىن نىھان بولماق نېدۇر،
مېھر كۆرسەتمەك نې ۋۇ نامېھربان بولماق نېدۇر.
(قاراڭ: ئەنقەرە، «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» 726 ـ بەت — №775)

---

① بۇ تۇيۇقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسراسىدىكى قاپىيە ئوخشاشلىقى تەلەپپۇزغا ئەمەس، سۆزنىڭ يېزىلىش شەكلىگە ئاساسلانغان.

ساقىيا، ئول باردىكىم، كېلگەي ماڭا پەيغامى ۋەسل،
يار ئۆزى تەشرىف كېتۈردى تۇت ئەمدى جامى ۋەسل.
(قاراڭ: ئەنقەرە «فەۋايىدۇلكىبەر» 731 ـ بەت ـــ №779)

بىزنىڭ قولىمىزدىكى قولىيازمىلاردا فەردلەر بىرقەدەر كەم خاتىرىلەنگەن، يەنى بىزنىڭ قولىيازمىلىرىمىزدا يۇقىرىقى 88 گە ئوخشايدىغانلىرى پەقەت 46، ئەنقەرە نەشرىدىكى 88 فەردنىڭ ئىچىدە كۆرۈلمىگەنلىرى 4 بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىلەر:

باغى جىناندا سېن كەبى بىر گۈلئۈزار يوق،
دەۋزەخدە ھەم مېنىڭ كەبى بىر خارۇ زار يوق.

* * *

پەرىۋەش دىلبەرىم ھەركى ساداغ باغلاپ سەۋار ئولمىش،
ياساپ بالۇ پەرى گويا پەرىدۇر ئاشكار ئولمىش.

* * *

مېنىڭ ئۈچۈن جەھان تورغۇنچە سېن تور،
كى سېن بارسېن جەھان بىر دۈشمەنىمدۇر.

* * *

ۋۇجۇدۇڭ نەفى مەۋجۇدۇڭنى بەزل ئېت،
چۇ مەۋجۇد ئولدى بۇ ئىش تەڭرىگە يېت.

خەلقىمىز ئەلىشىر نەۋايى ئىجادىيىتىنى بەش ئەسىردىن بۇيان تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇزۇلدۇرمەي يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇ ئۇزاق جەريانىدا نەۋايى قەلىمىدىكى تېكىستلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىشى جەريانىدىكى تېكىستلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى ئوخشىماسلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز ئارقىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان نەۋايى تېكىستلىرىنىمۇ سەۋەنلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ.

نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەسلىي ھالىتىنىڭ تۈرگۈزۈلۈشى ھەممە نەۋايىشۇناسلارنىڭ تىرىشىشلىرىغا باغلىق.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

«ئەلىشىر نەۋايىنىڭ يېڭىدىن بايقالغان غەزەللىرى» دېگەن كىتابتىكى بىلەن ئوخشاش.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



# تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە

غوجەخمەت سەئدۇۋاققاسوف

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تاھىرجان مۇھەممەد، ئادىلجان تاھىر

**مۇھەررىردىن:** ئاپتور غوجەخمەت سەئدۇۋاققاسوف (1929.6.15 ـــ 1991.11.15) قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، داڭلىق پېداگوگ. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەم تۇنجى قارارلىق مۇدىرى ئىدى. ئالىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق بىر يۈرۈش ئىككى كىتاب (1 ـ قىسىم فونېتىكا ۋە لېكسىكا، 2 ـ قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) 1963 ـ ۋە 1966 ـ يىللىرى ئالماتادا سلاۋيان يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. 1983 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، 1988 ـ يىلى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنغانىدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1977 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئالىمنىڭ مەشھۇر ««دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغانىدۇق. 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غوجەخمەت سەئدۇۋاققاسوف تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقى ئىلمىي پائالىيىتىنىڭ 46 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھرىدە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم ژۇرنىلىمىزدا ئالىمنىڭ ئالماتادا سلاۋيان يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «قازاق س س ر ئىلىم ئاكادېمىيەسىنىڭ خەۋەرلىرى» ناملىق ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنالىنىڭ 1967 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە» ناملىق مۇھىم ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇق.

* * *

ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بايرامئېلى شەھرىدە ۋە ئۇنىڭغا يانداش بىرنەچچە يېزىدا تەخمىنەن 1000 غا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئىلگىرى ـ كېيىن مەخسۇس تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولغان ئەمەس. ۋاھالەنكى، ئۇلار سوۋېتلار سايوزى (ئىتتىپاقى)دا توپلىشىپ زىچ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بىر قىسمى (گۇرۇپپىسى)نى تەشكىل قىلىدۇ.

تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بويىچە بىرقەدەر چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ئۇلارغا 1963 ـ يىلىنىڭ نويابىر، دېكابىر ئايلىرىدا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى ئىككى كىشىدىن ئىبارەت ئېكسپېدىتسىيە (تەكشۈرۈش) خادىمى ئەۋەتكەنىدى. ئېكسپېدىتسىيەنىڭ تەركىبىدە مۇشۇ قۇرلارنىڭ ئاپتورى بىلەن بۆلۈمنىڭ شۇ چاغدىكى ئاسپىرانتى (تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىسى) شېرىپ ئاخۇن باراتوف بار ئىدى.

---

* مەزكۇر ماقالىدىكى رۇسچە نەقىللەرنى تەرجىمە قىلىشقا يولداش پەرھات مۇھەممەدئېلى جىلان ياردەم بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

19 - ئەسىردە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭلار ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتلار مەلۇم مىقداردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. لېكىن، رۇسىيە تېررىتورىيەسىگە ئۆتكەن ئۇيغۇرلار پەرغانە ۋادىسى بىلەن يەتتىسۇ ئەتراپىدىلا ئولتۇراقلىشىپ قالماستىن، بەلكى ئوقەت ۋە يەر ئىزدەپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا بارلىق جايلىرىغىمۇ تارقىلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، 1888 - يىلى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە شەھىرىدە ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىن چىققان 326 نەپەر ئۇيغۇر بولغانىدى①. ھەر ھالدا 1890 - يىلىدىن ئىلگىرى شۇ چاغدىكى مەرۋە يېزىسىنىڭ تەركىبىدە بولغان ئۇيغۇرلار مەخسۇس قىشلاقلارنى (يېزا، كەنتلەرنى) تەشكىل قىلماي يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ تارقاق ياشىغان.

ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتى دەسلەپ ئۇششاق سودا - سېتىق، قول ھۈنىرى، ياللىنىپ ئوقەت قىلىش، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەش ۋە باشقا ئىگىلىك ئىشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەمچانلىقى، ئەخلاقىي جەھەتتىن كەمتەرلىكى ۋە ياخشى دېھقانلار ئىكەنلىكى بىلەن پادىشاھ مەمۇرىيىتىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. شۇڭا، كونا مەرۋە يېرىدە تۈركىستان ئۆلكىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىگىلىك — «مۇرغاپ دۆلەت ئېمىنىيەسى»نى قۇرۇش مەسىلىسى كۆتۈرۈلگەندە، ئۇنى ئىگىلەش ئىشلىرىغا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار جەلپ قىلىنماقچى بولغان. مەرۋەگە ئەۋەتىلگەن مەخسۇس كومىسسىيە ئىمپېراتور سارىيى مىنىستىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 1889 - يىلى مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئېمىنىيە (يەر - مۈلۈك)نىڭ دەسلەپكى كۆچمەنلىرىنى تارانچى، تۇڭگان ۋە قەشقەرلىقلەردىن قوبۇل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچى تۈرىدىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» ②.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئېيتقۇسىز ناچار ئىدى. ئۇلارغا يەر يېتىشمەيتتى، يەر بولسىمۇ ئات - ئۇلاغنىڭ، سوقا - سايماننىڭ يوقلۇقىدىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەر ئۈچۈن ئېغىر سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمى غۇلجا تەۋەسىگە يېڭىباشتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم③.

يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان كەمبەغەل ئۇيغۇرلار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قولايلىق ھەرقانداق يەرگە بېرىپ جايلىشىش ئۈچۈن تەييار تۇرغان بىر شارائىتتا، يەنى 1890 - يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا مەرۋە يېزىسىدىكى پادىشاھ ئېمىنىيەسىگە ئىشچى ياللاش مەقسىتى بىلەن مەزكۇر ئېمىنىيەنىڭ باشقۇرغۇچىسىدىن بىرى ھازىرقى ئالماتا شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە شۇ يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى — 272 ئائىلە (1380 جان) ئۇيۇشقان تۈردە تۈركمەنىستانغا قاراپ كۆچىدۇ. تۈركمەنىستاندا تۇرغۇچى ئۇيغۇرلار ئاساسەن مانا شۇ 1890 - يىلى يەتتىسۇدىن كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بىز سۆھبەتلەشكەن كىشىلەرنىڭ بەزىبىرلىرى ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھازىرقى يېڭىشەھەر (ئالماتا ئوبلاستى ئەمگەكچى قازاق رايونى) يېزىسىدىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنى ئەسلىدە دارتامتۇلۇقلارمىز (دادامتۇلۇق) دەپ بىلىدۇ. ھازىر بولسا تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايوندا دارتامتۇ دېگەن يېزا يوق. بايرامئېلىدىكى دارتامتۇلۇقلارنى ئۇيغۇر رايونىنىڭ (ئالماتا ئوبلاستى) دارتامتۇ يېزىسى بىلەن ياكى غۇلجىدىن تۆت - بەش كىلومېتىر شىمالغا جايلاشقان داردامتۇ (بۇلاق داردامتۇ، يۇقىرىقى دارتامتۇ) يېزىلىرى بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بار، دەپ قاراش ئورۇنلۇق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بايرامئېلى شەھىرىدىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر جەنۇبقا جايلاشقان ئاقتام يېزىسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئاقتام يېزىسى بىلەن ئاتداش

(ئىسسىداش) بولۇپ كېلىشىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنى مەلۇم مەھەللە ۋە يېزىلاردىن چىققانلىقىغا قاراپ ئاتاش بىلەن بىللە (مەسىلەن، دادامتۇلۇق، ئاقتاملىق، بايرامئىلىلىق ۋە باشقىلار) يەنە ئايرىملىرى ئۆزلىرىنى مەمەيۇزلىكىمىز دەپمۇ ئاتايدۇ. لېكىن، «مەمەيۇزى» ئۇيغۇرلار مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلغانمۇ ياكى كۆچۈپ كەلمەستىن بۇرۇنقى يۇزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىيتىلامدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب تاپالمىدۇق. ئۇيلايمىزكى، تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر تارىخچى ئالىملار تەرىپىدىن ھەل قىلىنىشى مۇمكىن.

قېرىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، دەسلەپ بايرامئېلى شەھىرىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز توختىغان ۋە ئۇلار شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە «تارانچى مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان كىچىك بىر مەھەللە تەشكىل قىلغان. ئاساسىي قىسمى بولسا بايرامئېلىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، يەنى سۇلتان بەنت تۇسمىسى ئەتراپىغا جايلاشقان. ئەمما، ئۇلار ئۇ يەردە تۈركمەن قەلئە، قەشقەر مەھەللىسى، ئاقتام يېزىلىرىدا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى يىللار مابەينىدە بايرامئېلىدىكى تارانچى مەھەللىسىگە كېلىپ توپلاشقان. ھازىر ئەكسىچە ئاتالغان يېزىلاردا، شۇنداقلا مارىي شەھىرىدە ئۇيغۇرلار بىرنەچچە ئائىلىدىن ئاشمايدۇ.

ئەتراپتىكى يېزىلاردىن كېلىپ توپلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسابىغا بايرامئېلىدىكى تارانچى مەھەللىسى كېڭىيىپ بارغان. بۇ يەر تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق ھەم بىردىنبىر مەركەزلەشكەن جايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھازىر بايرامئېلى شەھىرىنىڭ كراسنوۋاستوچنايا (بۇرۇنقى بىرىنچى تارانچىنكا)، لېنىن (بۇرۇنقى ئىككىنچى تارانچىنكا) ۋە ئائۇلنايا (بۇرۇنقى ئۈچىنچى تارانچىنكا) كوچىلىرىدا تۇرىدۇ.

ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ نەرسىنى تەكىتلەپ ئېيتىش كېرەككى، بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ يەتتىسۇلۇق يۇرتداشلىرىغا نىسبەتەن بىرەر چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. 77 يىل بويى بىۋاستە ئارىلىشىپ ھايات كەچۈرۈش نەتىجىسىدە تۈركمەن خەلقىدىن ئۆتكەن بەزىبىر تىل ۋە ئېتنوگرافىيەلىك ئۆزگىچىلىكلەردىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۆي سېلىشى، ئۆي تۇتۇشى، كىيىم - كېچەك، رەسىم - قائىدە، غىزا - تائام ۋە ئومۇمەن مىللىي ئاڭ - سېزىم ياقلىرى بويىچە ئالماتا ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بايقالغان ئايرىم ئېتنوگرافىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەسىلەن، ئۇلار بايرامئېلىنىڭ ئاجايىپ ئىسسىق كىلىماتىغا ئاساسەن ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ئاساسەن كۆك چاي ئىچىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر چەينەكتە چاي دەملىنىدۇ، ئۇنى ھەر كىم ئۆزى قۇيۇپ ئىچىدۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۈستەل قويۇلىدۇ، مېھمانلار كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئۆي ئىگىسى ھەر بىر كىشىگە بىر - ئىككىدىن ياستۇق بېرىدۇ. بايرامئېلىلىق ئۇيغۇرلار ياستۇققا تايىنىپ يانپاشلىنىپ ياتقان ھالدا كۆك چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز سۆھبەتلەشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ مېھماندوست، خۇش چاقچاق ۋە كەمتەرلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇلار ئىشىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئۈچۈن ھەممە مۇمكىنچىلىكلەرنى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشتى.

بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان مەدەنىي ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئالىي مەلۇماتلىق ئىنژېنېرلار، مۇئەللىملەر، دوختۇرلار ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىققان. يەرلىك تۈركمەن ۋە باشقا خەلق ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارمۇ يېزا

ئىگىلىك، سانائەت ۋە قول ھۈنىرى ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمگەك قىلىپ كەلمەكتە④.

* * *

بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئەڭ ئالدى بىلەن تىلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەڭ مايىل ساھەسى لېكسىكىدا ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ھەم باشقا شېۋىلەرگە نىسبەتەن پەرقلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى تۈركمەن تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن. گىراماتىكا بويىچە بايقىلىدىغان ئايرىم تىل ئۆزگىچىلىكلىرىدىمۇ تۈركمەن ھەم ئۆزبېك تىللىرىنىڭ تەسىرى سېزىلىدۇ. ئەمما، فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ئۇمۇمەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىن پەرقلەنمەيدۇ، دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تەلەپپۇز فورمىسى، ھەتتا نۇتقىدا سىستېمىلىق رەۋىشتە ئېنىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بىرەر فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك يوق. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا يۈز بېرىدىغان خىلمۇخىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ تولۇق دېگۈدەك ساقلانغان. بۇنى مۇشۇ ماقالىگە قوشۇمچە سۈپىتىدە بېرىلگەن فولكلور ماتېرىياللىرىغا قاراپمۇ ئېيتىش مۇمكىن.

بۇ ئارىدا فونېتىكا بويىچە پەقەت مۇنۇ ئىككى نەرسىنى ئاتاپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي تىلدا ئىندىففېرېنت (پەرقسىز) «ئى» تاۋۇشىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشى [e]غا نۆۋەتلىشىدىغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، بالىق — بېلىق، تارىق — تېرىق، قايىق — قېيىق ۋە باشقىلار. مانا مۇشۇ قانۇن بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىدا ئېنىق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. يەنى، بۇ شارائىتتا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىكى [a] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا بەزىدە نۆۋەتلەشمەيمۇ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاغىپ (ئېغىپ)، باغىشلىماق (بېغىشلىماق) ۋە باشقىلار.

ئىككىنچىدىن، [p] تاۋۇشى بىلەن [b] تاۋۇشىنىڭ شۇنداقلا [b/w] تاۋۇشى بىلەن [p] تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىشى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يارپاق (ياپراق)، ئاربويلۇق (ئابرۇيلۇق).

بۇلاردىن باشقا، ئايرىم سۆزلەردىلا ئۇچرايدىغان بەزىبىر فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر باركى، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بىرەر قائىدىگە ياتقۇزۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، قەلەي (قەلئە)، مۇغالىم (مۇئەللىم)، نېتىجىلىك (نەتىجىلىك)، ھاسىل (ھوسۇل)، ياغداي (جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا جاغداي) ۋە باشقىلار.

## گىراماتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر

1. ئەدەبىي تىلدا ئۆتكەن زامان ھال پېئىل شەكلىدىكى ئاساسىي پېئىلغا «ئال» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىپ، مۇمكىنچىلىك مەنىسىنى ئىزھار قىلىدىغان قوشما پېئىل (بار + ا + ال + ئىدىم) بارالىدىم، (بار + ا + ال + ما + دىم) بارالمىدىم. بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «ئال» ياردەمچى پېئىلىسىزمۇ ياسىلىشى مۇمكىن. مۇنداق مەنە خۇسۇسەن بولۇشسىزلىق شەكلىدە كەلگەن ئاساسىي پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاختۇرۇپ ھېچ تاپمىدىم، رەخمىتۇللىنى ھېچ تاپمىدىم، ئەندىغۇ تاپماسسەن! ھوشەمكامغا ھېچ كىمنى تاپماي ژۈرۈرمىز. سېلىشتۇرۇڭ:

ئاھ دەرىخا، دەردى بىرلەن،
مەن ئادا بولدۇم نەتەي.

زەرۇ - گۆھەرنى ژۇتەردىم
تاپمىدىم، ئۆلدۇم، نەتەي.
(قوشاق)

2. ئەدەبىي تىلدا ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان «- ماقچى، - مەكچى» قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا «- مالۇ، - مەلۇ» شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەر پوچتا بۇ مالۇ (بۇ يەر پوچتا بولماقچى). ئۇلار پىرىيېز (جاي ئىسمى)دا كۈتۈپ تۇرمالۇ. (ئۇلار پىرىيېز دېگەن يەردە كۈتۈپ تۇرماقچى).

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان «- ماق، - مەك» شەكلى بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ھەرىكەت نامى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ يەم شۇ چەلەك تەرەپلەردە بولماق كېرەك. بۇ يەردىن بەرمەك بولمايدۇ. ئۇلار سۇغا چۈشمەككە كەتتى. ماگازىنغا بارماق كېرەك. كىر ژۇيماق كېرەك، ئانى سوڭ (ئاندىن كېيىن) باللارغا قارىماق كېرەك.

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنى ھەرىكەتنام ئورنىدا قوللىنىش ئەدەبىي تىل ئۈچۈن يات ھادىسە ئەمەس، ئۇنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر فولكلورلىرىدىن كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى. (ماقال)

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
ئاتالاردىن مىراس قالغان،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.
(قوشاق)

4. ئۈچىنچى شەخس ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى پېئىل بىلەن «كېرەك» سۆزى قاتار قوللىنىلغاندا «- دۇ كېرەك» شەكلىدە گۇمان مەنىسى ئىپادىلىنىپ، ئەدەبىي تىلدىكى «- سا كېرەك» بىرىكمىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، شۇ ياقىقا بېرىپ، ژاپات بولىدۇ كېرەك. ئىككى ئايلىق ئوقۇشقا كەتتى كېرەك. تۆت - بەش كۈن ئۆتتى كېرەك.

5. «- مۇ، - ما» ئۇلانمىسى بىلەن بىر قاتاردا «يەم (ھەم)» ئېلېمېنتىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆزى يەم ئىنقىلابچى. گەپ يەم سورىمىدى. بولسا يەم ئاز. بەزىدە مەنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئېيتىش مەقسىتى بىلەن «يەم» سۆزى ۋە «- مۇ، - ما» ئۇلانمىسى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، يوق ئۇ يەمما. ئاشۇرۇۋېتىسەن سەنمىيەم (سەنمۇ + يەم).

6. سوئال جۈملە بىرەر مورفولوگىيەلىك كۆرسەتكۈچسىزلا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ياسىلىشى مۇمكىن. بۇ شارائىتتا جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزنىڭ تۈگەنچى بوغۇمى ئالاھىدە كىچىك ئۇرغۇ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، سەن كەلدىڭ؟ ئاپاڭ باردى؟ چاي ئىچسەن؟ قارا چاي دەملەيمەن؟

7. سۆز بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا پېئىل ياسىغۇچى «- لا، - لە» قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىل

ئۇچۇن يوچۇن بولغان بىرئاز سۆزلەرنى ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، گەپلىمەك (گەپ قىلماق)؛ قىزىق گەپلەيسەنە! ئۆزى يەم تارىخىي گەپلەرنى گەپلەيدۇ؛ ئۇتلىماق (ئۇت ئالدۇرماق)؛ ماشىنىنى ئۇتلاپ ئەپ كەلدى؛ بەكلىمەك (بېكىتمەك)؛ ئىشىكنى بەكلىدىم؛ ئۆيىنىڭ پوددوۋالو (يەر ئاستى ئۆي)لىرىنى تېخى بەكلىمىدۇق؛ داپلىماق (داپ چالماق)؛ داپىمىدى داپلاغىلى، ئۇرغاقمىدى ساپلاغىلى (قوشاق).

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەدەبىي تىلدىكى يىغماق، يىغىشتۇرماق، يىغىن سۆزلىرى ژىغىنماق، ژىغناشتۇرماق، ژىغناق شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن گىرامماتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرنى بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ئۇزۇل - كېسىل شەكىللەنگەن دەپ ئېيتىش قىيىن. ھازىرچە ئۇلار ئەدەبىي تىلدىكى ۋە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن پاراللېل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، يەرلىك ئۇيغۇرلار مەقسەت مەيلىنىڭ «- مالى، - مەلى» ياكى ھەرىكەت نامىنىڭ «- ماق، - مەك» شەكىللىرىنى قوللىنىدۇ دېسەك، بۇ ئەدەبىي تىلدىكى «- ماقچى، - مەكچى» ياكى «- ش (- ئىش، - ئۇش، - ئۈش)» فورمىلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

## لېكسىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر

بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ئۇچرايدىغان لېكسىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر كىشىلىك پائالىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنە دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تۈرلۈك كونكرېت نەرسىلەرنى، ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى، ئىش - ھەرىكەت ۋە پائالىيەتنى، پېرېدمېتنىڭ (نەرسىلەرنىڭ) خىلمۇخىل بەلگە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت. توپلانغان لېكسىكىلىق ماتېرىيال مەنە جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئۈچ توپقا بۆلۈپ بېرىلدى.

### 1. ھەر خىل شەيئى ۋە چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر

باغىنا: ئەلتىر، كۆپە، تېرە. بۇ يەردە قوينى باغىنا ئۇچۇن ساقلايدۇ. تۈركمەنچە، «باغانا» دېيىلىدۇ.

بادامژان: پېتىنگەن. بادامژاننى ھەم قورۇپ يەيدۇ. تۈركمەنچە «بادامژان» دېيىلىدۇ.

بايراق: بەيگە. ئاتنى بايراققا قوشۇپ ئىككىنچى بولۇپ كەلدى.

ۋاھارمان: قوغۇننىڭ بىر تۈرى. تۈركمەنچىمۇ «ۋاھارمان» دېيىلىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قوغۇننىڭ مۇشۇ تۈرى ناھايىتى تاتلىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئېتى «ۋاھا!» (ئىملىق سۆز) ۋە «ئارمان» سۆزلىرىدىن بىرىكىپ ياسالغان.

دۇركۇن: دەۋر، ۋاقىت، زامان. ھازىر ئۇ دۇركۇنلەر ئاخىر يوق. ئەدەبىي تىلدا «دۇركۇن» سۆزى ھېلىھەم بار. لېكىن، ئۇ مەنىسى خىرەلەشكەن سۆز بولۇپ، مەلۇم دائىرىدىلا قوللىنىلىدۇ. ئۇ، قېتىم (بىر قېتىم)، دېرەك (بۇ دۆرەن) سۆزلىرى بىلەن مەنداش.

جاللاپ: مال بازىرىدا ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنى كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى كىشى، دەللال. مال بازىرىغا بارساڭ جاللاپلار تەييارلا تۇرىدۇ.

جويا: چۆنەك، ئېرىق. سەۋزىنى جويا قىلىپ ئەكسە (تىكسە)، ياخشى بولىدۇ. تۈركمەنچىمۇ «جويا» دېيىلىدۇ.

جۇگارى: كۆممىقوناق. بۇ ياقتا جۇگارى ھەم زور بولىدۇ. (ئۆزبېكچە: جۇخورى، قازاقچە: جۇگىرى

دېيىلىدۇ).

زات: نەرسە. بىر زات قىلىپ ئېلىپ كەل. بىزنىڭكىلەر بۇ كاۋىنى بىر زات دەيدۇ. ئىسمىدىن چىقىپ قاپتۇ. چايخانىدا چاي ئىچىپ، تاماق يەپ، زات قىلىپ، سائەت ئونلاردا كەلدىم.

زەيتۇناخۇن خورمىسى: شىۋاققا ئوخشاش توپ - توپ بولۇپ، پاكار ئۆسىدىغان دالا ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى. ئۇ تاشقىرىدىن قارىماققا شەكلى ۋە تۈرى جەھەتتىن خورمىغا ئوخشايدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە: زەيتۇناخۇن دېگەن كىشى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى يەتتىسۇدىن مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سايە قىلغاندا ئاتالغان مۇشۇ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىنى خورما دەپ خەلقنى ئىشەندۈرگەنمىش. خەلق ئارىسىدىكى «خورما پەقەت ھەرەمدە ئۆسىدىغان تەۋەررۈك مېۋە» دېگەن چۈشەنچىگە تايىنىپ، بايرامئېلىنىڭمۇ ئۇلۇغ جاي، مۇقەددەس ھەرەمگە يېقىن يەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغان ۋە مۇشۇ ئارقىلىق قاراڭغۇ (نادان) خەلقنى ئاسانراق كۆچۈپ بېرىشقا دەۋەت قىلغان. كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى مۇشۇ ۋەقەگە باغلىق زەيتۇناخۇن خورمىسى دەپ ئاتىلىپ كەتكەنمىش. بۇنىڭ ھەقىقەتكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق. بىزگە مەلۇمكى، يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەرۋە يېزىسىغا كۆچۈشكە باشچىلىق قىلغانلاردىن بىرى زەيىندىن ئاخۇن دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ھەقتە تارىخچى گ.ب. نىكولسكايا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1890 - يىلى باش باھاردا بىرىنچى تۈركۈمدىكى كۆچمەنلەر ۋېرنىيىدىن كاسپىي ئوبلاستىغا يۆتكەلگەن... قارىغاندا، ئۆز قەبىلىداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئابرۇيلۇق بولغان زەيىندىن ئاخۇن، ئېمىرمىرزا ساتنوف، نۇرىدىن ئاقساقال ۋە موللاباروللا قاتارلىق ئۇيغۇرلار شۇ تۈركۈمدىكىلەر بىلەن كاسپىي دىيارىغا بارغان بولسا كېرەك. ئۇلار شۇ يەرگە بېرىپ، كۆچۈشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كۆرمەكچى بولغان. يەرلىك مەمۇرلار ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرىنى تولىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. باشقۇرغۇچى ئۇلارنى 1830 - يىلى ئىيۇننىڭ بېشىدا پادشاھ مەمۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە بايرامئېلىدىن ۋېرنىيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئەنە شۇ كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ يەتتىسۇدىن كاسپىيغا كۆچۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇلار ئۆز قەبىلىداشلىرىنى كۆچۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەشتىنمۇ يانمىدى، ئاساسسىز ۋەدىلەرنى بەردى، مۆمىنلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلاندى. مەسىلەن، ئۇلار: «بايرامئېلى يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل شەھەر، ئۇ يەردىن مەككە ۋە مەدىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجگە بېرىشى بەك ئاسان بولىدۇ» ۋەھاكازا دېيىشتى⑥.

زەخمەت: ئەمگەك، ئەمگەك كۈنى. قىلغان زەخمىتىڭ بىكارغا كەتمەپتۇ. تۈركمەنچە «زەخمەت» دېيىلىدۇ.

ئىس: پۇراق، ھىد. شامال تەرەپكە ئۆتسەم ئىسى كېلىدۇ.

ئىشكەن: كىشەن. شۇ چاغدا ئىلاخۇنكامنىڭ پۇتىدا ئىشكەن بار ئىكەن. بۇ سۆز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ۋە فولكلورىدا «ئىشكال» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

كېلىپ تېز ئالغىل قولۇڭغا ئانى،
كى ئىشكالدىن ئەيلە خالىس مېنى.
(ئا. نىزارىي)

ئايغىمدا ئىشكال بار،
بوينىمىزدا تىلىڭ غاڭزا.
ئېلىپ قاچسا نازۇكنى،
بولسا باتۇر ـ خوخەنزە.
(خەلق قوشاقلىرى)

شۇنداق قىلىپ، «ئىشكەن، ئىشكال، كىشەن» سۆزلىرى بىر سۆزنىڭ ئۈچ خىل فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلغا خاس ۋارىيانتى ـــ ئىشكەل.

كۆمەك: ياردەم. ھېچكىمدىن كۆمەك يوق. ياركەنتلىك بالىلار كۆپ كۆمەك قاپتۇ. تۈركمەنچە «كۆمەك» (قازاق تىلىدىمۇ «كۆمەك»).

قاڭقا: تۈركمەنلەر قاڭقىنى كېلىشتۈرۈپ ياسايدۇ. تۈركمەنچە «گاڭگا» دېيىلىدۇ. قەلەي: قەلئە، مەھەللە، تۈركمەن قەلەي (يېزىنىڭ ئېتى).

قۇش جىگدىسى: قارىغا جىگدىسى. قارىغا جىگدىسىنى ياركەنت ئۇيغۇرلىرى «قىرغاۋۇل جىگدىسى» دەيدۇ.

مانات: سوم. ئۇ يەردىن ھەم ئوتتۇز مانات پۇل بېرىدۇ. ئۈچ مانات دېگەن! تۈركمەنچە «مانات» دېيىلىدۇ (رۇسچە «مانېتا» دېيىلىدۇ).

مەللەك: ھەر بىر تۈتۈن (ئۆيلۈك)كە خۇسۇسىي پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن يەر ئۈچاستىكىسى (دائىرىسى). كولخوزچىلارغا 16 مەللەك بېرىلىدۇ. تۈركمەنچە، «مېللەك» دېيىلىدۇ.

مونتى: ئۈزۈمنىڭ بىر تۈپى. تۈركمەنچە «مونت» دېيىلىدۇ.

مۇغالىم: مۇئەللىم. تۇراخان مۇغالىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تۈركمەنچە «مۇغاللىم» دېيىلىدۇ.

نوخۇت: پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى. تۈركمەنلەر نوقۇتتىن پىتى (بىر خىل يېمەكلىك) پىشۇرىدۇ. پۇرچاقنىڭ بۇ تۈرىنى ئەنجان ئۇيغۇرلىرى «نوخات» دەيدۇ.

ئوجار: زاك، ساك ساۋۇل. قوي ئوجارنىڭ يارپىغى (يوپۇرمىقى)نى يەيدۇ. ئىككى ۋاگون ئوجار كەپتۇ.

پاي: ئۈلۈش، نېسىپ. بۇ سىلەرنىڭ پايىڭلار. بىز ئۆز پايىمىزنى يەپ ئولتۇردۇق. تۈركمەنچە «پاي» دېيىلىدۇ.

پىتى: نوقۇت بىلەن تەييارلانغان غىزا، تاماق. تۈركمەنچە «پىتى» دېيىلىدۇ.

ساللاق: بويتاق، بوي. ئىنىم ساللاق قايتىپ كەلدى. تۈركمەنچە: «ساللاغ» دېيىلىدۇ.

سېرىغۇن (سېرىق + ئۇن): پاختا ئۇرۇقى (چىگىت)نى زاۋۇتتا ماي تارتقاندا قالدىغان كۇنجۇرە. تۈركمەنچە «سارون» دېيىلىدۇ.

سېس: ئۈن، تاۋۇش، تىۋىش. بىرىڭ (بىرسىڭمۇ) سېسىڭنى چىقارما! تۈركمەنچە «سېس» دېيىلىدۇ.

سيلاق: مۇكاپات، سوۋغا، ھەدىيە. ياخشى ئوقۇپ سيلاق ئالغان. پاختا پىلانى تولغاندا كولخوزچىلارغا سيلاق بەردى (تۈركمەنچە «سيلاگ»، قازاقچە «سىلىق» دېيىلىدۇ).

سۈرى: توپ، پادا. ئۈچ سۈرى قوي كەلدى. تۈركمەنچە «سۈرى». بۇ سۆز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «سۈرۈك» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ (جانلىق تىلدا بولسا «پۈتۈن ـ سۈرۈك» شەكلىدە ئۇچرايدۇ).

پاتاچى ماڭا ناگەھان ئۇچرادى،
سۇرۇك قويلارى ھەر تەرەپ پىترادى.
كۆزى تۈشتى ئۇل دەم سۇرۇك خەلق ئارا،
بۇلار ئىچرە باردۇر ئەجەب ماجەرا.
(ئا. نىزارىي)

تىكە: يەرلىك تۈركمەنلەر. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈنگە تەكلىپمۇ قىلىنىدۇ.

تىريەك: ئەپيۇن (گاجىگى). سۇلتان سانجار مازارىغا تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەر تىريەكنى يەم يەيدۇ (تۈركمەنچە «تىر ئەك»).

خالتا: مىشكاپ، قاپ. بىر خالتا ئۇن كەم بولسا 60 كىلو چىقىمامدۇ! مەلۇمكى، ئەدەبىي تىلدا خالتا، ئادەتتە قولدا تىكىلگەن مىشكاپ ياكى قاپتىن كىچىك قاچىدۇر (تۈركمەنچە «خالتا» دېيىلىدۇ).

خۇدا يولى: نەزىر، خۇدايى. مېمباندىنىڭ خۇدا يولىغا بېرىپ كېلىشۋاتىمەن (تۈركمەنچە «خۇدا يول» دېيىلىدۇ).

ھاسىل: ھوسۇل، ئۈنۈم. بىزنىڭ كولخوز بۇ يىل پاختىدىن ياخشى ھاسىل ئالدى (تۈركمەنچە «ھاسىل» دېيىلىدۇ).

چايىرلىق: چىملىق. ئۇ چاغلاردا چايىرلىقتا ئولتۇرۇپ كاۋا يەيتتۇق (تۈركمەنچە «چايىرلىق» دېيىلىدۇ).

شايىت: گۇۋاھچى. ئازاخۇنىكام شايىت بولۇپ پارتىيىگە كىرگۈزگەن (تۈركمەنچە «شايات» دېيىلىدۇ).

شالمان: ستولبا. شالمان بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى (تۈركمەنچە «شالمان» دېيىلىدۇ).

ياغداي: ئەھۋال، شارائىت، ۋەزىيەت. مانا مۇنداق ياغداي. بىر ياغداي بولاپ قالدى كېرەك. ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ ياغدىيىنى كۆر، ئاندىن باسساڭ باس، دېدىم (تۈركمەنچە «جاغداي»)، جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا ھەم «جاغداي» دېيىلىدۇ).

ياراق: قورال، جابدۇق. ياراقلىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ. يېنىدا يارىقى بولسا ئۆلتۈرۈپ ھەم قوياتتى. بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدا قورال، جابدۇق سۆزلىرىگە نىسبەتەن كەم ئىشلىتىلىدۇ.

يارى: يېرىمى. ئالتىنىڭ يارى (بەش يېرىم، يەنى بەش تولۇپ ئالتىنىڭ يېرىمى دېگەن مەنىدە). سەككىزنىڭ يارى (يەتتە يېرىم) (تۈركمەنچە «يار» دېيىلىدۇ).

يارپىسى: يېرىمى، تېگى. يارپىسىنى يېزىپ بەردىم، يارپىسى قالدى (تۈركمەنچە «يارپ»، قازاقچە «جارتى» دېيىلىدۇ).

ياشۇلى: (ياش + ئۇل) يېشى + ئۇلۇغ، مويسىپىت، ئاقساقال، ھۆرمەتلىك چوڭ كىشى (تۈركمەنچە «ياشۇل» دېيىلىدۇ).

**2. ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پائالىيەتكە باغلىق سۆزلەر**

ئالجىرىماق: ئالجىماق، ئالجىراپ قالغان قېرى كىشىگە نېمە دەيسەن! (تۈركمەنچە «ئالجىراماق» دېيىلىدۇ).

ئەكمەك: تەرمەك، تىكمەك. كاۋىنى تۈركمەنلەر يەم ئېكىدۇ. 1910 ـ يىلى بىرىنچى بوزنى ئەككەن، (تۈركمەنچە «ئەكمەك» دېيىلىدۇ).

باغاشلىماق: كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق. قارىسام بولمىدى، ئانىسۇلۇڭ (ئاندىن كېيىن) باغاشلا دېدىم (تۈركمەنچە «باغىشلاماق» دېيىلىدۇ).

باغىشلىماق: بېغىشلىماق. شۇ كىشىگە باغىشلىغان (تۈركمەنچە «باغىشلاماق» دېيىلىدۇ).

باغلىماق: ئۈچۈرمەك، بەكىتمەك، توختاتماق. رادىيونى باغلاپ قوي. ئۇ ياقنى باغلاپ، بىر چەتتىن يول ئېچىڭ.

بارلىماق: تەكشۈرمەك، رېۋىزىيە (تەكشۈرۈش) قىلماق، تۈگەللىمەك، بار ـ يوقىنى بىلمەك. تويدا بوپىلارنى خوتۇنلار بارلايدۇ (تۈركمەنچە «بارلاماق» دېيىلىدۇ).

باسماق: قاماقا ئالماق، سولىماق، تۇتقۇنغا ئالماق. بىر سەپەر گۈنى تاس بېسىۋېتەتتى. ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ ياغدىيىنى (ئەھۋالىنى) كۆر، ئاندىن باساڭ باس دېدىم (تۈركمەنچە «باسماق» دېيىلىدۇ).

بەكلىمەك: بەكىتمەك، ياپماق، ئەتمەك. ئىشىكنى بەكلىدىم. ئۆيىنىڭ پوتدۇۋۇلىرىنى (يەر ئاستى ئۆيىنى) تېخى بەكلىمىدۇق (تۈركمەنچە «بېكلىمەك» دېيىلىدۇ).

بېزەر قىلماق: زېرىكتۈرمەك، زالىقتۇرماق. كىشىنى بېزەر قىلىۋېتىدۇ.

بۇلاشتۇرماق: قارىقويۇق قىلىپ ئارىلاشتۇرۇۋەتمەك، قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەك. تەگمە، بۇلاشتۇرۇپ قويىسەن! (تۈركمەنچە «بۇلاشدىرماق» دېيىلىدۇ).

گەپلىمەك: سۆزلىمەك، گەپ قىلماق. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار تۈركمەنچە يەم گەپلەيدۇ. ھازىرقى ھەرپتە رۇسچە گەپلىسمۇ بولىدۇ، تۈركمەنچە ئايلاندۇرۇپ گەپلىسمۇ بولىدۇ (تۈركمەنچە «گېپلىمېك» دېيىلىدۇ).

جېنىڭ ساقمۇ: سالامەتمۇ؟ ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ (تىنچلىق، ئامانلىق سوراشقاندا ئېيتىلىدۇ).

ئىش بەرمەك: سوتلىماق، كەسمەك. ئۇ كىشىگە سەككىز يىل ئىش بەردى (تۈركمەنچە «ئىش كېسمەك» دېيىلىدۇ).

يېتىشمەك: يېتىپ بارماق، ئۈلگۈرمەك. مۇردىنى ئەپچىقىپ بولغاندا يېتىشىپتىمەن، ھازىر كونسېرتقا يېتىشىمىز (تۈركمەنچە «ئېتىشمەك» دېيىلىدۇ).

كەچمەك: ئۆتمەك، يۆتكەلمەك، كىرمەك، بۇ سۆز تۈركمەنلەردىن كەچكەن (كىرگەن) بولسا ئېھتىمال. ئۈچ ـ تۆت سائەت كەچكەندىن كېيىن ئوغرى كەپتۇ. ھازىر پارتىيىگە كەچمەيمەن دەپ كىم ئېيتىدۇ (تۈركمەنچە «گېچمېك» دېيىلىدۇ).

قول چەكمەك: قول قويماق. ئىلگىرى قول چېكەلمەيتتۇق (قويالمايتتۇق)، ھازىر بولسا ھەممە ساۋاتلىق (تۈركمەنچە «گول چېكمېك». ئۇيغۇر تىلىدا «ئىمزا چەكمەك» دەپمۇ ئېيتىلىدىغانلىقى مەلۇم).

قۇتارماق: تۈگىمەك، تامام بولماق. كونا ناخشىلار يەم قۇتاردى (تۈركمەنچە «گۇتارماق» دېيىلىدۇ).

ئۇتلىماق: ئوت ئالدۇرماق. ماشىنىنى ئوتلاپ ئېىن كەلدى (تۈركمەنچە «ئوتلاماق» دېيىلىدۇ).

ئۆملەكلىمەك: ئۆمىلىمەك. ئورنۇمدىن تۇرالماستىن ئۆملەكلەپ ماڭىمەن.

زوڭقۇل قىلماق: توغرىلىماق، جايلىماق، ئەپلەشتۈرمەك، تاقىلىماق دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان سادىدا سۆز. بۇ سۆز يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە نادىر دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆپچىلىككە تارقالغان.

سېيسىلىماق: تاۋلىماق، تەييارلىماق. ئاتنى بايراققا سېيسىلايدۇ (تۈركمەنچە «سېيسىلىمېك» دېيىلىدۇ).

خەۋەر تاپماق: خەۋەر ئالماق، خەۋەرلەشمەك. تۇغقانلار بىلەن خەۋەر تېپىپ تۇرسا تۇغقان ـ دە! ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇنداق شېئىر بار:

خەبەر تاپتى ئاخىر ئوغلى هالىدىن،
بولۇپ ئەسرۇ غەمكىن بۇ ئەفئالىدىن.

(ئا. نىزارىي)

خائىش قىلماق: ئىلتىماس قىلماق، ئۆتۈنمەك. مېنى ئاتامغىلار، دەپ خائىش قىلدۇ. مەزكۇر سۆز «خالىماق» مەنىسىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدۇ.

خۇدا كىمنى خاهىش قىلۇر، ئول بولۇر،
هۆكۈمەت ئۆزۈگىن قولىغە سالۇر.

(ئا. نىزارىي)

چەكمەك: ئۆلچىمەك، تارتماق. بىزگە چەكمەي بەردى. قالغانلارغا چېكىپ بەردى (تۈركمەنچە «چېكمېك» دېيىلىدۇ).

چۇشمەك: چۈشمەك، ئۇقماق. مەن ئۇنىڭ تىلىغا چۇشمەيمەن (گېپىگە كىرمەيمەن). ئۇ دورا ئىچىپ ئۆلۈپتۇ، چۇشتۇڭمۇ (ئۇقتۇڭمۇ)؟! (تۈركمەنچە «دۈشمېك» دېيىلىدۇ).

پايلىماق: بۆلمەك، ئۈلۈشتۈرمەك، تەقسىم قىلماق. ئۆزۈڭلار پايلاڭلار دەپ بەردى. ئۈستەڭ چاپقاندا ئىشنى پايلاپ بېرەتتۇق (تۈركمەنچە «پايلاماق» دېيىلىدۇ).

ياتماق: كۆچىدىن قالماق، ئۆلمەك. كونا پۇل ياتتى، ياتقىنى بىلەن ئىشى يوق، ئۇنى تىقىشتۇرۇپ يۈرەتتى.

**3. پرېدمېت (شەيئى) ۋە ئىش ـ هەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋە باشقىمۇ مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان سۆزلەر**

ئانسوڭ: ئاندىن كېيىن. چاي ئىچىپ ئانسوڭ بارىمىز.

ئاڭسات: ئوڭاي، ئاسان. هازىر ئالماتاغا بېرىش ئاڭسات. ئۇنداق بولسا ئاڭساتلا زاتقۇ! ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكەن باللار ئاڭسات قېرىمايدۇ.

ئارقايىن: بىمالال، ئوڭچە ـ چوڭچە، ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، بەهۇزۇر. سادىق (باللار بېغى) دىگەن ئارقايىن ـ دە! ئارقايىن ئولتۇرۇپ تاماقمۇ يېيەلمەي قالدى.

ئاخىر: زادى، تېگى. سىلەر مېهمان ئاخىر! هازىر ئۇدۇركۇنلەر (چاغلار) يوق ئاخىر!

بە ! ۋاھ ! پاھ ! : (قانائەتلەنگەنلىكنى، هەيران بولۇشنى، تەئەججۈپلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز). بە، ناهايىتى توغرا ئېيتتىڭ!

غەرەز: ئەتىمالىم، چامىدا، تەخمىنەن دىگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان مودال سۆز. غەرەز، بىر ئالتە كۈن ياتتى (تۈركمەنچە «گاراز» دېيىلىدۇ).

جالاي: مەرد، قولى ئوچۇق، قەهرىمۇ ـ زەهرىمۇ بار (ئادەم). رەخمىتۇللا جالاي يىگىت.

زور: ياخشى، ئوبدان، نۇرغۇن، مول، كۆچلۈك. بۇ يەردە ئاشلىق زور بولىدۇ. بۇلارنىڭ يېرى زور ـ دە. بۇ يەرگە هاۋانىڭ ئىسسىقى زور. ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن زور ئاخىر. كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «زور»، سۆزىگە نىسبەتەن بۇ سۆز باشقا مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

كاتتا: چوڭ، يوغان، كاتتا ئادەم، كاتتا ئىش. تۈركمەنلەرنىڭ كاتتىسى. بۇ سۆز ئۆزبېك تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن.

قاپىلاڭ: يالغانچى، ئالدامچى.

قاپىلاڭ دەيدۇ ئايۇپنى،
كۆپ ئىشلەتتى تېپىنى.
(خەلق قوشىقى)

قورقۇنچلۇق: قورقۇنچلۇق، خەۋپلىك. تاغنىڭ يولى تار ئىكەن، قورقۇنچلۇق دەيدۇ (تۈركمەنچە «گوركۇنچلۇق» دېيىلىدۇ).

مۇداما: ئۈزلۈكسىز، دائىم، ھەرقاچان. مۇداما ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۇخلىمىدۇق. ئانارنى مۇداما يان باغرىغا ئېكىدۇ. بۇ خوتۇن مۇداما سالام بېرىپ ئۆتىدۇ. بۇ سۆز كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «مۇدام» شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

كى تۇڭگان، چانتۇ ئىشتىپ تامام،
بۇ چاڭ موزىغا خىزمەت ئەتتى مۇدام.
(بىلال نازىم)

مۇپ: بىكار، پۇلسىز، تېكىن. مۇپنى تاپسا ئۆلۈۋالىدۇ. (خەلق ماقالى)

نېتىنجىلىك: نەتىجىلىك، نەتىجە بېرىدىغان. ئەلۋەتتە سۇلتان سانجارغا بارساڭلار، نېتىنجىلىك يەرلەرمۇ بار. جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز «لېتىنجا» شەكلىدىمۇ ئېيتىلىدۇ.

پىيان: مەست. پىيان بولۇپ قاپتۇ. بۇ سۆز رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن.

تاس: بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدىكى تاس (تاس قالدى) سۆزى بىلەن مەنداش. لېكىن، ئۇ جۈملىدە قوللىنىلىش دائىرىسى جەھەتتىن روشەن پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، سېنى تاس بېسىۋېتەتتى، دېدىم. مېنى قېيىنئاتام تاس ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇ چاغدا مەن تاس ئۆلۈپ كەتمىدىم.

ھۆكمەن: مۇقەررەر، سۆزسىز. ھۆكمەن بارماق كېرەك. ئىلگىرى ھۆكمەن يېرىم گېكتار بېدە ئېكەتتۇق. ئەمدى ھۆكمەن خەت يازىمەن دېگەنىدى (تۈركمەنچە «خۆكمەن» دېيىلىدۇ).

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن لېكسىكىلىق ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرنى بايقاش مۇمكىن.

1. تۈركمەن تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك قىسمى فونېتىكىلىق شەكلى بويىچە تۈركمەن تىلىدىكى ئېكۋىۋالېنتلىرى (تەڭداشلىرى)دىن پەرق قىلمايدۇ. دېمەك، مەلۇم تۈركمەن سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق نورمىسىغا زىت كەلمىسە، ھېچبىر ئۆزگىرىشسىز ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بادامجان، بايراق، جويا، مانات، ئوجار، پىتى، شالمان، ئاڭسات، جالاي ۋە باشقىلار. ئايرىم تۈركمەن سۆزلىرى بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنلىرىغا ئاساسەن ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولغان. مەسىلەن، باغىنا (باگانا)، مەللەك

(مەللىك)، سېرىغۇن (سارۇن)، قۇتارماق (گۇتارماق)، سېيىسلىماق (سېيىسلىبىمىك)، مۇپ (مۇت) ۋە باشقىلار.

2. ھازىرقى زامان تۇركمەن تىلىدا، شۇنداقلا كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان بەزىبىر سۆز ۋە ئىبارىلەر بار. مۇنداق سۆزلەر ئىلگىرى جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا پاسسىپ، ئاز ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تۈركمەن تىلىنىڭ تەسىرىگە باغلىق، ئۇلار بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ ئاكتىپلاشقان دەپ تەخمىن قىلىمىز. مەسىلەن، زەخمەت (زىيان ـ زەخمەت)، كۆمەك، سۇرى، ئەكمەك، قول چەكمەك (ئىمزا چەكمەك)، خەۋەر تاپماق، كاتتا، مودامى، ھۆكمەن ۋە باشقىلار. شۇڭلاشقا، بۇ خىل سۆزلەرنى تۈركمەن تىلىدىن ئۆزلەشكەن دەپ شەرتلىك تۈردىلا ئېيتالايمىز.

3. بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىغا خاس دەپ بېرىلگەن بەزىبىر سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىمۇ بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە ئىستىلىستىكىلىق قوللىنىلىشى ئۆزگىچە. مەسىلەن، غەرەز، دۈركۈن، زات، زور، ئاخىر، يېتىشمەك، كەچمەك ۋە باشقىلار.

## فولكلور ماتېرىياللىرىدىن

تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇمكىنقەدەر تولۇقراق تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئېكسپېدىتسىيە (تەكشۈرۈش) ۋاقتىدا توپلانغان فولكلور ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز نورمىسىنى ساقلىغان ھالدا (ئىملاغا رىئايە قىلماي) بېرىپ ئۆلتۈرىمىز.

### پوئېزىيە

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى بايرامئېلىلىق ئىبەي دېگەن كىشى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەتمىش ـ قىلمىشلىرىغا قاراپ، تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۆز يۇرتداشلىرى ھەققىدە توقۇلغان بۇ قوشاقلارنى ئوتتۇرا ياشتىكى يەرلىك كىشىلەر تا ھازىرغىچە ئېسىدە ساقلاپ قالغان. (بۇلارنى بايرامئېلى شەھىرى، 1963 ـ يىلى 24 ـ نويابىر، ماخمۇت گاستوف، مۇختەر مۇرادوفلار ئېيتىپ بەردى.)

ئېگىز دۆڭگۆ ئۆي ساپتۇ،
ئۇشەمى چويون قارا.
ئەبەينىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ،
قىيغان ئىشنى قارا.

يوغام بازغان كۆتۈرۈپ،
تۆمۈر چۇدۇر شاۋۇدۇن.
كىچىككىنە راخمانكام،
قوش تۇتىدۇ ھاۋۇدۇن.

روزاخۇنكام بوساق،
غوجامىياز تەڭنى قوساق.

ياشلا بىلەن بىر بوساق،
بىشكول جايىنى ئاساق.

بېغى ياخشى باغ بوپتۇ،
نۇرمەخمۇتكامنىڭ بەختىگە.
زالىم بوغان نىكولاي،
چىقامىدۇ تەختىگە.

مۇسا غازى بالىسى،
بېشىدى كۆپتۇ يارىسى.
ئىككى جۇپ تاز بىر بوپتۇ،
يېقىن قوشنا ئارىسى.

قارىمكام ساقاللىق،
تالىپكام ھېقىللىق (ئەقىللىق)،
ئىككىسىنىڭ بويى بىر،
بىر - بىرسىدىن ھېقىللىق.

كەمبەغەلدۇر نادىركام،
زىكىركامدا نېمۇ كام؟
تالا ۋاسا بومامدۇ (بولمامدۇ)،
باشتا ئەسلىي ھېقىل كام.

نېمۇ دەي، سىدىق سېنى؟
خاپا قىلدىڭ سەم مېنى (سەن مېنى)
بۇخارىدىن ئەكەگەن،
بىر خالتا ژۇغۇڭ (يۇغۇڭ) قېنى؟

نەسلى يامان ئېرانە،
بىر قىز ئېلىپ ئوت قويدۇڭ.

راستىن ئېيتقىن، تودۇمكا (تورىدۇمكا)،
نەچچە مىڭ سوم پۇل قويدۇڭ.

مالىگ (مالىك) ئۆزى خوپ يىگىت،
يىگىتلىكتىن كېمى يوق.
راستىن ئېيتىڭ دامولكا،
ئېتىنىڭ بىر قولىقى يوق.

توختاخۇنكام سېرىق،
ئۆزى قېلىپتۇ قېرىپ.
ياش خوتۇن ئالاي دېسە،
... ... ... ... ... ... ... (؟)

قاپلاڭ دەيدۇ ئايۇپنى،
كۆپ ئىشلەتتى تېپىپنى.
ھەممە گۇناھ ئۆزىدە،
كىمگە قويار ھېيىپنى (ئەيىبنى).

بىز سۆھبەتداشلىرىمىزدىن: «ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئارىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئېجاد ئېتىلگەن ناخشا - قوشاقلار بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىمىزدا، ئۇلار نۇرغۇن قوشاقلارنى ئېيتىپ بەردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئومۇمەن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىغا كەڭ تارقالغان خەلق ئىجادىدۇر. يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىگە ياخشى تونۇش بولغان فولكلور ئۈلگىلىرىنى مۇتەخەسسىس ئەمەس كىشىلەرنىڭ دەل مۇشۇ يەردە ئىجاد قىلىنغان دەپ ئېيتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مۇنداق قوشاقلار قىسمەن (بىر قىسمى) تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت (قەشقەر مەھەللىسى، 1963 - يىلى 3 - دېكابىر، سۇلتان ھەمرايوف ئېيتىپ بەرگەن).

ئاختامنىڭ يېرى قاتتىق،
تاۋۇزى ئاندىن تاتلىق.
ئاختامدا بىر يارىم بار،
لەيلىخان دېگەن ئاتلىق.

لەيلىخان دەيمۇ سېنى؟
ئانارخان دەيمۇ سېنى؟
باغدا باققان پاخلاندەك،
پىشۇرۇپ يەيمۇ سېنى؟

لەيلىخان سېنىڭ بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ؟
بولسا - بولمىسا تويۇڭ،
مەسلەتكە (مەسلىھەتكە) قوشۇپ قويۇڭ.

(تۆۋەندىكى قوشاقنى ياپرامئېلى، ماخمۇت گاسىتوف ئېيتىپ بەرگەن).

داپمدۇ داپلاغىلى،
ئورغاقمدۇ ساپلاغىلى.
خوتۇنۇڭ قېرى بولسا،
ماماڭمدۇ ساخلاغىلى.

ئېشىكىم يار باشىدا،
توقۇملۇقى يانپاشىدا.
ئالتى بۆرە قاشىدا،
ئەلھەم ئوقۇيدۇ باشىدا.

ئاپا ئەكتىم، مەمتالا (؟) بولدى،
بۇغداي ئەكتىم، ھەمتالا (؟) بولدى.
ساڭا ئەر يوق، ماڭا خوتۇن يوق —
زادى نىم بالا (نېمە بالا) بولدى؟

مەن بازارغا بارمىسام، ..........
كۆڭلۈم بازارغا تارتىدۇ.
توپىقىم كىچىك دېسەم،
يوغان تاغارنى ئارتىدۇ.

قىزىم، قىزىم، قىز كىشى،
كېلىپ ـ كېتەر مىڭ كىشى.
مىڭ كىشىنىڭ ئىچىدىن،
ئېلىپ كېتەر بىر كىشى.

تاغقا چىقتىم بەلدەشىپ،
ئاق بوز ئاتقا مىنگەشىپ.
ئاق بوز ئاتقا چوم كېرەك،
ئاشنالىققا پۇل كېرەك.

دەيىا بويى سەكسەنتال،
سەكرەپ ئۆتمەي قالدىم.
بېساقالغا ئىشىنىپ،
خوتۇن ئالاماي قالدىم.

ماقال ۋە تەمسىللەر

قاچىغى ئورۇ ئاتتىن ئايرار: (قارچىغا ئورى قىيىن، كۆپ مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاتقا جەبرى سالىدۇ. ئۇنى كاردىن چىقىرىدۇ — دېمەكچى).

ئۇرۇسنى ئۆزى ياسغاندەك: (رۇس تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ — دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ).

مۇينى تاپسا ئۆلۈۋالدۇ: (تەييارغا بېكول، بىراۋنىڭ ھېسابىغا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ — دېگەن مەنىدە).

ھەر نەرسىگە سەۋر ـ ساخمان: (ھەرقانداق ئىشقا سەۋرلىك، تاقەت كېرەك دېگەنلىكتۇر).

ئىشقى يوق ئېشەك، دەردى يوق كېسەك.

قوشنامنىڭ ئېشى — باللىرىمنىڭ جېدىلىنىڭ بېشى: (ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە بىرەر تاماق ئەتكەندە، قوشنىسىغا بىر چىنە ئەكىرىپ بېرىدۇ. ئۇ، ئەلۋەتتە بالا ـ چاقىلىق ئائىلىگە يەتمىگەندىن كېيىن، باللار ئارىسىدا جېدەل چىقىدۇ. مەزكۇر ماقال مانا شۇنىڭغا قارىتىلغان).

تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلىدۇ، مىجەز يۆتكەلمەيدۇ.
ئۈركۈگەك ئات ھېچ نەرسە تاپالمىسا، تېزەكتىن ئۈركۈيدۇ.
قولنى ئۆلتۈرگەن «ھوشىشرە».
چۆش دېگەن ئۇيقۇنىڭ پوقى.
بايمۇ بايغا بېرەر، خودامۇ بايغا بېرەر.
ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چا قويرۇق.
قىشقامىساڭما (قىچقارمىساڭمۇ) بارىۋېرىمە، ئۇزاتمىساڭما كەتىۋېرىمە.
ھەممىنى خودا ساقلىسا، قېرى ئەدەمنى ياخشى تاماخ (تاماق) ساقلايدۇ.

ئاز گەپ قىلساڭ، «ئىنەك تەپكەن» دەيدۇ،
تولۇ گەپ قىلساڭ «ۋالاقتەككەن» دەيدۇ.
ئىلدام ماڭساڭ «غۇي ـ غۇي» دەيدۇ،
ئاستا ماڭساڭ، «ئېزىلەڭگۈ» دەيدۇ.
ئۇزۇن چاپان كىيسەڭ، «سۆرەلمى» دەيدۇ،
كالتى چاپان كىيسەڭ، «كېپىنى تىزىدىن ئاشمىغان» دەيدۇ.
ئاسمانغا باقساڭ، «هاڭۋاقتى» دەيدۇ،
يەرگە باقساڭ، «ياۋاختى» دەيدۇ.

بىر سوم ! بىر سوم — هارۋىنىڭ چاقىدەك: (ئازدىن كۆپ يىغىلىدۇ، ئاز ۋە كىچىك نەرسىگىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك دېمەكچى.)
ئۆزەڭدى ئەقىل بومىسا، ئەقىللىقنىڭ (ئەقىللىقنىڭ) سۆزىگە قۇلاق سال.

چۆشۈر (چۆچۈرە) ئاش — هېسابلىغ ئاش،
بىر سۇيۇدۆن، بىر چۆپۈدۆن، زەيناۋۇدۇن ئاداش.

يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆز مۇنداق بىر ۋەقەدىن قالغانمىش: بىر كەمبەغەل ئائىلە چۆچۈرە ئېتىپ، ئۇنى ئۇسۇۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسىنىڭ زەيناۋۇدۇن دېگەن ئاغىنىسى كىرىپ كەپتۇ. چۆچۈرە ئائىلىگە تۇشلۇق ئېتىلگەنىكەن. ئۆي ئىگىسى بىر سۇيىدىن، بىر چۆپىدىن ئېلىپ ئىچسە، زەيناۋۇدۇن پەقەت چۆپىدىنلا ئاپتۇ. شۇندا ئۆي ئىگىسى مەزكۇر سۆزنى ئېيتقانىكەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆز ماقالغا ئايلىنىپ كەتكەنمىش. بۇ ئەپسانىدە تارىخىي ھەقىقەت بارغۇ دەپ پەرەز قىلىمىز. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار تۈركمەنىستان يېرىگە كۆچۈپ بارغاندا، دەسلەپ ئۇلار ناهايىتى كەمبەغەل ياشىغان⑦. قىسىنچىلىق ۋاقتىدا بىر چىنە چۆچۈرە توغرىسىدا ئورۇنلۇق ئېيتىلغان سۆز خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىشى، ھەتتا ئۇنىڭ ماقالغا ئايلىنىپ كېتىشى ئەجەب ئەمەس. ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، زەينىدىن ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكى مەلۇم⑧.

## لەتىپىلەر

### ياق، ياق، سىلى ئاقسىلا، بىز ئاقساندەك !

بىر شەھەرنىڭ كاتتا بېيى بوپتۇ. باي تۇرغان شەھەرنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. باي ئۆزىنىڭ چاكىرى بىلەن ئېشەككە مىنىپ قېچىپتۇ. سۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، ئىككىلىسىنى ئېقىتىپ مېڭىپتۇ. چاكار ئۆمۈر بويى ئىشلەپ يۈرگەن نېمىدە، كۈچلۈك ھەم ئەپچىل ئىكەن، سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. باي بولسا ئېقىپ كېتىۋېتىپ، چاكىرىغا ھەلەتىدىن قولىنى سۇنغۇدەك:
— چىقىرىۋال ! — دەپتۇ. چاكىرى سۇنىڭ ياقىسىدا تۇرۇپ:

— ياق، ياق، سىلى ئاقسىلا، بىز ئاقساقاندەك، — دەپتۇ.

## ئىككى كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى

(ئىككى كىشى) روزا تۇتۇپتۇ، بۇلار راسا ئۇسساپ كېتىپتۇ ـ دە، ئاندىكىن (ئاندىن كېيىن) سۇغا چۆمۈلمەكچى بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا باش چۆكۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىرى باش چۆكۈرگەندە، سۇ ئىچىۋاپتۇ. ئۇ باش چۆكۈرۈۋاتقاندا، يەنە بىرسىمۇ سۇ ئىچىۋاپتۇ.

## كۆكۈلدىكى پاراڭ

بىر كەمبەغەل كىشى بوپتۇ. ئۇ پاڭكەن، ئۇنىڭ خاتۇنىما، قىزىما باركەن. بۇ بىچارە كەمبەغەل ھېيت نامىزىغا قوشنىسىنىڭ چاپىنىنى سوراپ كىيىپ بېرىپتۇ. ناماز تۈگەپ ، ھېلىقى پاڭنى چاپاننىڭ ئىگىسى ھېيت كۈنى بىلەن مۇگەرەگدىسە (مۇبارەكلىسە)، پاڭ:

— نېمە ئالدىرايسىز، چاپىنىڭىزنى ئۆيگۇ بارغاندا ئالاسىز، — دەپتۇ. چاپىنىنى سوراۋاتىدۇ دەپ قاپتۇ ـ دە، پاڭ ئۆيگە كىرىپ، بولغان ۋەقەنى خاتۇنىغا گەپلەپ بېرىپتۇ. خاتۇنى:

— ھە مەيلى، ئېپەرسىڭىز، شايى ـ توگا بولسىمۇ كىيىۋېرىمەن، — دەپتۇ. خاتۇن: «ماڭا كىيىم ئېلىپ بېرىدىغان بولدى» دەپ قىزىغا ئېيتسا، قىزى:

— مەيلى، كېكەچلا دېمىسەڭلا تېگىۋېرمەن، — دەپتۇ. شۇنداق قىپ، ھەرقايىسى ئۆزلۈرۈنىڭ كۆڭنۇ پاراڭنى ئېيتىپتۇ.

## كىشى ئاتلىرى

پەرغانە ۋادىسىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسكە قويۇلىدىغان ئاتلىرىدىمۇ (ئىسىملىرىدىمۇ) ئەيىتارلىق ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم⑨. ئەمدى بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرى، ئەكسىچە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن كىشى ئاتلىرى ساھەسىدە بىرەر ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. دېمەك، بۇ جەھەتتىن ئۇلار تۈركمەن تىلىنىڭ تەسىرىدىن خالىي. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بەلگىسى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان كىشى ئاتلىرى بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىدا ئادەتتىكىچە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئازاخۇن (ئازى ـ ئاخۇن)، غازى، خوجامئىياز، ئېپىدىمىن، نىياز باقى، ئوبۇل، ئوشەمى، ھوشۋاقى قاتارلىق ئەر كىشى ئاتلىرىنى، گۆھەم، مېمبانە، شاۋاخان دېگەندەك ئايال كىشى ئىسىملىرىنى ھازىر يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياشلىرىدىن ئۇچرىتىش قىيىن.

ئونوماستىكا (خاس ئىسىم) نۇقتىئىينەزىرىدىن مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولار دېگەن ئوي بىلەن، تۆۋەندە بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىدا قوللىنىلىدىغان كىشى ئاتلىرىنىڭ تىزىمىنى بەردۇق .

ئەر كىشى ئاتلىرى: ئابدۇراخمان، ئابدۇۋاھاپ، ئابدۇرۇسۇل، ئازاخۇن، ئايۇپجان، ئەزىمشا، ئەخمەت، بارات، گاست، فازىل، غوجامنىياز، غۇلام، ئىبەي، ئىبدىمىن، ئىۋرايىم، ئىدىرىس، ئىمىن، ئىمىناخۇن، قۇرۋان، مېھمەتجان، مېھراۋۇدۇن، موللاۋۇت، مۇسا، مۇختەر، ناسىر، نىدەۋاقى نۇرمەھەممەت، ئوبۇل، ئوشەمس، پىدامۇھەممەت، رەخمىتۇللا، روزاخۇن، ساۋۇت، سەپەر غەلى، سۇلتان، تېيىپ، توختاخۇن،

تۇدام، ھاپىز، ھاشىم، ھاشىر، ھوسمان، ھوشۋاقى، يونۇس.

ئايال كىشى ئاتلىرى: گۆھەر، گۈلقەمەر، گۈلپەم، زىلەيخام، مەريەمخان، مېمبانە، ئوغۇلخان، رابىيەم، رازىيەم، رەخىمە، تۇراخان، شاۋاخان ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تىل پاكىتلىرىغا ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىش مۇمكىن:

1. تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى 80 يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋامىدا تۈركمەن خەلقى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سان جەھەتتىن ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغىنىغا قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلىنى ئاساسەن ياخشى ساقلاپ قالغان. مەزكۇر ئۇيغۇرلارغا تۈركمەن تىلىنىڭ نىسبەتەن ئاز تەسىر قىلغانلىقىنى، ئالدى بىلەن بۇ ئىككى تىلنىڭ بىر تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىككى گۇرۇپپىغا، يەنى تۈركمەن تىلىنىڭ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىغا ياتىدىغانلىقى بىلەن باغلىق دەپ قاراش مۇمكىن. ئەگەر، مەزكۇر ئۇيغۇرلار قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان ئۆزبېك تىلىنىڭ مۇھىتىدا ياشىغان بولسا، تامامەن باشقا ئەھۋال يۈز بەرگەن بولار ئىدى، دەپ ئېيتالايمىز⑩.

2. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركمەنىستانغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى، جۈملىدىن تىل مەدەنىيىتى، شۇ چاغدىكى تۈركمەن مەدەنىيىتىدىن تۆۋەن بولمىغان دەپ پەرەز قىلىمىز. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەلۇم دەرىجىدە شەكىللەشكەن ۋە يېتەرلىك تەرەققىي ئەتكەن تۈركىي تىللاردىن بىرى ئىدى. دېمەك، بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىغا ئۇلارنىڭ تىلى پۈتكۈل مۇشۇ دائىرە ئىچىدە ئوتتۇشلۇق خىزمەت قىلىپ كەلدى ۋە كوندىلىك ئالاقە ـ قاتناشقا تۈركمەن تىلىغا نىسبەتەن موھتاجلىقى سېزىلمىدى. بېقىندىلىق شارائىتىدا بولمىغان تىلغا باشقا تىللارنىڭ ئاز تەسىر قىلىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن بەلگىلىك.

3. بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرى سان جەھەتتىن ئازلىقىغا قارىماي، ھەممە ۋاقىت دېگۈدەك توپلىشىپ، زىچ ياشاپ كەلمەكتە. دېمەك، ئۇلار ئۆزئارا ھەردائىم ئانا تىلىدا سۆزلىشىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار بايرامئېلىگە كۆچۈپ بارغاندىن بېرى، بولۇپمۇ كېيىنكى يىللار مابەينىدە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ۋە ئۇيغۇر مەتبۇئاتى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرماقتا. مانا بۇ ئەھۋالمۇ مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمەن ئۆز مىللىي خۇسۇسىيىتىنى تولۇق دېگۈدەك ساقلاپ قىلىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. تۈركمەن تىلىدىن كىرگەن ئېلېمېنتلار (تەركىبلەر، گىراماتىكىلىق شەكىللەر) شۇ ئېلېمېنتلارنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىدا يوق بولغانلىقى سەۋەبىدىن قوبۇل قىلىنغان دەپ ئېيتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، تۈركىي تىللاردىن قىسمەن ئۆزبېك تىلىدىن ئۆزلەشكەن مۇنداق سۆزلەر بىلەن گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئېكۋىۋالېنتلىرى (تەڭداشلىرى) ئۇيغۇر تىلىدا بار. ھەرھالدا بۇنىڭغا قارىماي تۈركمەن ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئۆزلىشىشى تىل ئەمەلىيىتىگە، يەنى بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۈركمەن خەلقى بىلەن ئۆزاقتىن جانلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكىگە باغلىق.

5. تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات تېندېنسىيەسى (يۆنىلىشى) بىلەن باغلاپ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرىدۇر. ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە ئېيتىلغان بىزنىڭ ئايرىم ۋە دەسلەپكى ئوي ـ پىكىرلىرىمىز كېلەچەكتە تولۇقلاشنى، ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، قولىمىزدا بار تىل ماتېرىيالى تۈركمەنىستاندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق

ۋە ئايرىم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە بولا (كۆرە)، ھازىرچە سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇستەقىل بىر شېۋىسىنى تەشكىل قىلمايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. بۇنى ئىلى شېۋىسىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان ئۇششاق شېۋىلەردىن بىرى دەپ قاراش ئورۇنلۇق.

## خۇلاسە

مەزكۇر ماقالىدە بايرامئېلى شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىكى لېكسىكىلىق، گىرامماتىكىلىق ۋە بىر قىسىم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر تەتقىق قىلىنىدى.
ئاپتورلار تىل پاكىتلىرىنى ئانالىز قىلىپ، تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى ئىلى شېۋىسىنىڭ تارماق شېۋىسىدىن ئىبارەت، دېگەن خۇلاسىگە ئېرىشتى.
ئاپتورلار يەنە: ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا بىزگە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئىشىمىزغا يېقىندىن ياردەملەشكەن، تۇرمۇشىمىزغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلغان ھۆرمەتلىك گاستوف مەخمۇتكامغا چوڭ مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ② گ. ب. نىكولىسكايا: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىن جەنۇبىي تۈركمەنىستانغا كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى»، «تۈركمەنىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى»)، 1962 ـ يىللىق، 6 ـ سان، 27 ـ، 28 ـ بەتلەر.
③ پ. گ. گالوزوف: «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن يەتتىسۇ رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان دېھقانلىرى» (19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى قازاقىستان تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر، توپلام، ئالماتا، 1961 ـ يىللىق، 97 ـ، 101 ـ بەتلەر)
④ د. ئىسېۋ: «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1965 ـ يىللىق 27 ـ نويابىردىكى ئومۇمىي 1308 ـ سانىغا بېسىلغان «بايرامئېلىدىكى ئۇچرىشىشلار» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە: ھازىرقى بايرامئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىي ئۇتۇقلىرى، ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتى، بەزىبىر ئېتنوگرافىيەلىك ئەھۋاللىرى توغرا بايان قىلىنغان.
⑤ تۈركمەن تىلىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر، 1962 ـ يىلى ئاشخاباتتا نەشر قىلىنغان «تۈركمەن سۆزلۈكى» دىن ئېلىنىدى.
⑥ ⑦ گ. ب. نىكولىسكايانىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ 29 ـ ۋە 31 ـ بەتلىرى.
⑧ «زەيىندىن» دېگەن كىشى ئىسمى خەلق ئارىسىدا: زەيناۋىدىن، زەينۇدۇن تورىدىمۇ ئېيتىلىۋېرىدۇ.
⑨ غ. سەدىۋاقاسوۋ: «فەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئائىت بەزىبىر مەسىلىلەر» («ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشلەر»، ئالماتا، 1965 ـ يىلى نەشرى، 92 ـ، 93 ـ بەتلەر).
⑩ غ. سەدىۋاقاسوۋنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ 71 ـ ۋە 72 ـ بەتلىرى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن: تاھىرجان مۇھەممەد شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، ئادىلجان تاھىر توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتى)




## كىرىش سۆز

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى — فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا جەھەتلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجى شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسى.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان يېزىق ئەدەبىي تىلى ئادەتتە «تۈركىي تىل»، «قەشقەر تۈركچىسى» دېگەن ناملاردا ئاتىلىش بىلەن بىللە «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئەدەبىي تىل قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن «تۈرك تىلى» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە ئاساس بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان بىر قاتار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ تەۋەلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بەلكى پەقەت چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئورناتقان «چاغاتاي خانلىقى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك[①].»

600 يىلغا يېقىن ئىشلىتىپ، شۇ جەرياندا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان مول يازما مىراسلىرىمىزنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى — چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا جەھەتتە ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، فونېتىكا جەھەتتىكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر، گىرامماتىكا جەھەتتىن ئېنىقمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكى جەھەتلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر

① مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان.

تىللىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى خېلى دەرىجىدە ساقلانغان. شۇنداقلا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس بولغان. چاغاتاي تىلىنى ئېچىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئىزچىل مەۋجۇت بولغان فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەنگىلى بولىدۇ. خېلى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭى سۆز ياساش ۋە سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كىلاسسىك ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش 1960 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن باشلاندى. بۇ جەرياندا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرۇلۇق بىرمۇنچە ماقالىلەر يېزىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى ئاساسى تۇرغۇزۇلدى. بۇ ھەقتە ئىبراھىم مۇتئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېشىت ئىسلام، رەھمىتۇللا جارى، خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنى ۋەكىل سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدە ھازىر بىر قىسىم دەرسلىكلەر، لۇغەتلەر نەشر قىلىندى. خېلى بىر قىسىم چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار قېزىلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر رەتلەپ نەشر قىلىندى. بۇ ھەقتە خېلى كۆپ مەخسۇس ئېمىلىق ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. گەرچە يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن 600 يىللىق مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ دېڭىزدىن بىر تامچە. بوشلۇق ناھايىتى كۆپ، ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى ئاجىز، پېشقەدەملەر ئازلاپ كەتتى، ياشلارنىڭ ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىقىشى كەمچىل. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالماقتا. مۇشۇ نۇقتىدىن، بىز 1980 ـ يىلدىن بۇيان، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت نەشر قىلىنغان مەخسۇس كىتاب ۋە ئۆزىمىز توپلىغان مەخسۇس ئېمىلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى رەتلەپ چىقتۇق ھەمدە بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى كەسپداشلارغا تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ كاتالوگىنى بېرىشنى لايىق تاپتۇق. بۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## 1980 ـ يىلدىن بۇيانقى ئىلمىي ماقالىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1980 ـ يىللاردىن بۇيان بىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت مەخسۇس كىتابتىن سەككىز پارچە كىتاب نەشر قىلىندى، 57 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە بۇ ھەقتە نەشر قىلىنغان ماقالىلەر توغرىسىدا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيمىز. ماقالىلەر تۆۋەندىكىدەك:

**1) «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىگەن ماقالىلەر**

بۇ تۈردىكى ماقالىلەردىن مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈرنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى

قاراشلىرىمىز»، دولقۇن ماخمۇتجاننىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چاغاتاي يېزىقى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە، رەھمەتۇللا جارىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1985 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» قاتارلىق ماقالىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

بۇ تۈردىكى ماقالىلەردە ئاساسەن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دېگەن نامنىڭ قويۇلۇشى، بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى، چاغاتاي خان توغرىسىدا قىسقىچە تارىخىي بايانلار شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ۋە بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىلاسسىك دەۋرى ۋە بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى قاتارلىق تېمىلار تارىخىي پاكىتلار ۋە تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا سىستېمىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

**2) «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» نىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغان ماقالىلەر**

بۇ تۈردىكى ماقالىلەردىن ئابدۇرەئۇپ پولاتنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى»، ئەركىن ئابدۇرېھىمنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا»، ئابلىمىت ئەھەتنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدىكى قىسمەن فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر» ... قاتارلىق ماقالىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

بۇ تۈردىكى ماقالىلەردە، ئاساسەن كونكرېت ھالدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلگەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە تەتقىق قىلغۇچىلارنى ئىلمىي تىل ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن. شۇنداقلا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە كونكرېت تەھلىللەر يۈرگۈزۈلگەن.

**3) «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»نىڭ تەتقىقات ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بەرگەن ماقالىلەر**

بۇ تۈردىكى ماقالىلەردىن بارىجان زەپەرنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ياپونىيەدە تەتقىق قىلىنىشى»، ئۆمەر داۋۇتنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2000 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چەت ئەللەردىكى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ... قاتارلىق ماقالىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

بۇ تۈردىكى ماقالىلەردە، ئاساسەن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، تەتقىقات يۈزلىنىشى، تەتقىقات ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئەتراپلىق، چۈشىنىشلىك كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتى كۆپرەك تىلغا

ئېلىنىپ، ۋېنگرىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ھەر خىل تىللاردا نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ئالىملارنى ئۆلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن سۆيۈنۈش ئاساسىدا تونۇشتۇرغان.

## 1980 ـ يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنغان كىتابلار ۋە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر كاتالوگى

1) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت نەشر قىلىنغان كىتابلار

(1) خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات تۈزگەن «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

(2) ئەركىن ئابدۇرېھىم تۈزگەن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي باشقارمىسى باستۇرغان «چاغاتاي تىلى» (دەرسلىك)، 1986 ـ يىل 7 ـ ئاي.

(3) ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى باستۇرغان «چاغاتاي تىلىدىن ئاساس» (دەرسلىك)، 1994 ـ يىل 3 ـ ئاي.

(4) تۇردى ئەخمەت تۈزگەن «چاغاتاي تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتى ماي مەتبەئە، 1998 ـ يىل.

(5) مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(6) ئابلىمىت ئەھەت بۇگۇ تۈزگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(7) ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى تۈزگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(8) ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر

(1) قاسىم ئارش: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(2) يې شياۋ جۈن: «چاغاتاي تىلى فونېتىكىسى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(3) ئەركىن ئابدۇرېھىم: «چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىش پرىنسىپلىرى توغرىسىدا»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(4) مۇھەممەت مۇسا: «چاغاتاي تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(5) رەھمىتۇللا جارى: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1985 ـ يىللىق 5 ـ سان.
(6) مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.
(7) ئابدۇرېشىت ئىسلامى: «چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان.
(8) ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىس جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان.
(9) ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي تىلى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان (بۇ ماقالە ما گۇاڭجۇن تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان).
(10) رەھمىتۇللا جارى: «چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.
(11) ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئارتۇقچىلىقلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان.
(12) دولقۇن ماخمۇتجان: «چاغاتاي يېزىقى، ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 5 ـ سان.
(13) ئەركىن ئابدۇرېھىم: «چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 7 ـ سان.
(14) ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان.
(15) ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى، دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان.
(16) خامادا ماسامى (ياپونىيە): «شىنجاڭدىن تېپىلغان چاغاتاي يېزىقىدىكى قوليازمىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان.
(17) شياۋ يۈ: «چاغاتاي تىلىنىڭ مورفولوگىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان.
(18) ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتىدىكى رولى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، ۋاڭ چى تەرجىمە قىلغان، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.
(19) ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتاي تىلىدا قاراتما كېلىش بارمۇ»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان.
(20) بارىجان زەپەر: «چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ياپونىيەدە تەتقىق قىلىنىشى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان.
(21) ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق پەرقى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.
(22) ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتاي تىلى تەتقىقات تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى،

1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(23) تۇرنىسا روزى: «چاغاتاي تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ تۈرلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(24) ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىشى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(25) ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتاي تىلىنىڭ لېكسىكىلىق قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 11 ـ سان.

(26) ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي خان ھەققىدە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(27) مۇنىرە ئابدۇۋېلى: «چاغاتاي تىلىدىكى نەزم ئەسەرلەرنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 6 ـ سان.

(28) پەرھات رەخى، ئەھەت مۇھەممەدۇللا: «چاغاتاي تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ھېس قىلىغانلىرىمىز»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 6 ـ سان.

(29) ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم ئوغلى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان ئالماشلار ۋە بىر قىسىم ئالماشلارنىڭ بىرقانچە مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(30) ئۆمەر داۋۇت: «چەت ئەللەردىكى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(31) بېلىقىز ئەخمەت: «چاغاتاي تىلىدىكى ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق تەركىبلىرى ھەققىدە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(32) ئابلىمىت ئەھەت، جاۋ جيەنگو: «ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى ـ چاغاتاي تىلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(33) ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم ئوغلى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بۇيرۇق ۋە شەرت پېئىللىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(34) ئايىمسا مىرسۇلتان: «چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەزمىي ئەسەرلەردىكى جۈملە تەركىبلىرىنىڭ ئورنى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 5 ـ سان.

(35) ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدىكى قىسمەن فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(36) ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم ئوغلى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(37) ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم پارسچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(38) ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پارسچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا»،

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2002 - يىللىق 3 - سان.
(39) ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم ئوغلى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ھەرىكەتنام، سۇپەتداش ۋە رەۋىشداشلارنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2002 - يىللىق 3 - سان.
(40) ئالىم نىياز، ماخمۇتجان ئوبۇل: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن ئارقىلىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈشكە نەزەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2002 - يىللىق 4 - سان.
(41) مۇھەممەترېھىم سايىت: «چاغاتاي تىل - يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسى توغرىسىدا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2002 - يىللىق 6 - سان.
(42) ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ بۈگۈنكى رېئال ئەھمىيىتى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 5 - سان.
(43) يۈسۈپ ئىگەم: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىن پايدىلىنىش — ئاتالغۇ بېكىتىشتىكى مۇھىم چارە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 6 - سان.
(44) غەنىزات غەييۇرانى: ««چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رېئال ئەھمىيىتى، ناملىق ماقالە ھەققىدىكى قاراشلىرىم»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 - يىللىق 2 - سان.
(45) تۇرنىسا روزى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2005 - يىللىق 4 - سان.
(46) ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى (ال) ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 - يىللىق 4 - سان.
(47) ئابلىمىت ئەھەت بۈگۈ: «ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قوليازمىلار تەتقىقاتىدا ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسى مەسىلىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 - يىللىق 1 - سان.
(48) مەريەم مەتتۇرسۇن: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بەش پارچە يەر، ئۆي - مۈلۈك ھۆججىتىدىن ئەينى دەۋرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە بىر نەزەر»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 1 - سان.
(49) ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە: «خوتەن خەلق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئامىللار ۋە دىيالېكتلىق تەركىبلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 1 - سان.
(50) مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇللا: «چاغاتاي تىلى، دېگەن نام ھەققىدە يېڭى ئويلىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 3 - سان.
(51) ئالىم نىياز: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاشتۇرغۇچى ياردەمچى پېئىللار»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 3 - سان.
(52) مەرپۇئاي ئوسمان: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىسلى» تىركەلمىسى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 4 - سان.
(53) رۇقىيە ئوسمان: «چاغاتاي تىلى يادىكارلىقلىرىغا ئائىت سۆزلۈكلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 4 - سان.

(54) ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پارسچە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ھەققىدە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان.
(55) ئالىم نىياز، پەرمىدە پەرھات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئەر› ياردەمچى پېئىلى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان.
(56) قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ: «چاغاتاي تىلى، ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان.
(57) قۇربانجان ئابدۇقادىر: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى (ا ي، ي) نىڭ تەلەپپۇزى ۋە ترانسكرىپسىيەسى توغرىسىدا»، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان.

## خاتىمە

بىز يۇقىرىدا 1980 ـ يىلىدىن بۇيانقى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەرنى تونۇشتۇردۇق ۋە بارلىق ماقالىلەرنىڭ كاتالوگى بىلەن كەسىپداشلارنى تەمىنلىدۇق. گەرچە ماقالىمىزنىڭ يېشىلىق تەرەپلىرى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن كەسىپداشلارغا نىسبەتەن مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئەھمىيىتى بار دەپ قارايمىز:

بىرى، باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئەمگىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، تەكرار ئەمگەك قىلىشتىن ساقلىنىپ، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا نىسبەتەن ياردىمى بار.

يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، يېڭى تېما، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاپ ۋە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا نىسبەتەن پايدىسى بار.

بىز توپلىغان ماتېرىياللارنى 1980 ـ يىلىدىن بۇيانقى ماقالىلەرنىڭ تولۇق توپلىمى دېيەلمىسەكمۇ، 600 يىللىق مول مەدەنىيەت خەزىنىسى مۇجەسسەملەنگەن بۇ يېزىق ئەدەبىي تىلى ئۈستىدە 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ئۈزىمىز يازغان 60 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ھەققەتەن بەك ئاز. بۇ ئەھۋال بۇ ساھەدە ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىنىڭ نىسبەتەن ئاجىزلىقى، تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بىزدە يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» كەسپى ۋە تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە بىر تۈركۈم ئاسپىرانتلار ئوقۇش پۈتكۈزدى. ئۇلار بۇ ساھەدە مەخسۇس كىتابلارنى تۈزۈۋاتامدۇ ياكى كەسىپ ئالماشتۇردىمۇ بىلمىدۇق، ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلەر ئازلاپ كەتتى. چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىل كەسپىدە مەخسۇس تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر. بىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە.

بارلىق زىيالىيلاردىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىش ئاقىلانىلىك بولمىسىمۇ، ئۆمۈچۈك پۈتىغا ئوخشايدىغان، بوگۇن ئۆگەنسە ئەتە ئۇنتۇپ كېتىدىغان تىللارنى ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئۆگەنگەن يەردە، ئەجدادلىرىمىز ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىپ بېزەپ قالدۇرۇپ كەتكەن، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان تىلىمىزغا شۇنچە يېقىن بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ھەر بىر ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە مۇشۇ تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلار ئۆگىنىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى دائىرىسىدە بەلگىلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر، دەپ قارايمىز. بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



# ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى

تۇرنىسا روزى

ئومۇملاشقان قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئەخلاق ــ ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت ئۆلچەملىرى ۋە مىزانلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخلاق» بىلەن بىر قاتاردا يەنە «ئەدەپ» ۋە «پەزىلەت» سۆزلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەخلاقتا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ھەققانىيەت ۋە شەخسىيەتچىلىك، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، سەمىمىيەت ۋە ساختىلىق قاتارلىق ئەخلاقىي ئۇقۇملار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ھەرىكەت ـ قىلمىشلىرى باھالىنىدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى تەربىيە ئۇسۇلى ھەم جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەردە مەلۇم خىلدىكى ئەقىدە، ئادەت ۋە ئەنئەنە شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق غايىسىنى، شەخسلەرنىڭ ئەخلاق ھەرىكىتى ۋە پەزىلىتىنى يەكۈنلىشىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەخلاقىدىكى تۈپ پرىنسىپلار ھەمدە ئەخلاق نورمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى رېئاللىقتا كۆرسىتىشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئىنسانىيەت تارىخى ھەقىقەت بىلەن ئەپسانە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ياخشى ئادەملەر بىلەن يامان ئادەملەر، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ كەلگەن تارىختۇر. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنسانلارنىڭ ئەجدادىدىن باشلانغان. مەسىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتنىڭ مەنئى قىلىنغان مېۋىسىنى يەپ جەننەتتىن قوغلانغاندىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، بۇزۇقچىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىقادىمىزغا خىلاپ ئىش ـ ھەرىكەت بولۇپ، ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق پەقەت خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىلا كۆرسەتكەن ئەمەس. ياخشىلىق كىشىلەرگە ۋاستىلىك ھالەتتە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى تەڭشەشكە پايدىلىق بولغان ۋاپادارلىق، ھالاللىق، ھۆرمەت، توغرىلىق، راستچىللىق، ئىتتىپاقلىق، مېھماندوستلۇق، سېخىيلىق، ئاز ۋە ياخشى سۆزلەش، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتىكى بىردەكلىك... قاتارلىق بىر قاتار ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئېگى ۋە

مجەزىدىكى غەيرەت ـ شىجائەت، ئەمگەكچانلىق، ئىلىم خۇمارلىق... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يامانلىق بولسا خەلققە ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئويغۇن كەلمەيدىغان ۋاپاسىزلىق، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، پىتنىخورلۇق، بىئەدەپلىك قاتارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى شۇنداقلا شەخسنىڭ ئىچكى ۋە مجەزىدىكى يالغانچىلىق، قوپاللىق، نومۇسنى بىلمەسلىك، ھورۇنلۇق، نادانلىق، ھەسەتخورلۇق... قاتارلىقلارغا ئوخشاش يامان سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇ ئۆلچەملەرنى شەكىللەندۈرگەن چاغلىرىدا ئىسلام ئەخلاقى تەسىرىنى سىڭدۈرۈشتىن خالىي بولالمىغان. مەيلى تارىخىمىزدىكى ئەخلاقشۇناسلار بولسۇن ياكى خەلق بولسۇن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئىزاھلىغاندا، ئۇلارنى ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازاغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئۆلچەملەرنى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» كە ئوخشاش ئىسلام دەستۇرلىرىدىن ئالاقىدار نەقىللەرنى ئېلىپ قۇۋۋەتلىگەن. ئەلۋەتتە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيىلىرى تەۋەسىدىكى ئۆلچەملەرنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ، ھەتتا ھازىرقى دەۋردىمۇ مەلۇم جانلىقلىققا، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولغانلىقىنى ۋە بولۇۋاتقانلىقىنى چەتكە قاقمايمىز. مەسىلەن، هاراق ئىچىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋردە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا يامان دەپ ئۆلچەنمەيتتى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇ يامانلىق تەرزدە ئۆلچەندى. ھازىرقى دەۋردە هاراق ئىچىشنى بەزى كىشىلەر يامان دەپ قارىسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئەخلاققا مۇناسىۋەتسىز مەسىلە سۈپىتىدە تونۇماقتا.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ۋە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كۆرۈنمەس ئىچكى مىزانى. ئۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئەھمىيىتى

كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى چۈشەنچىگە كېلىشى ئەلۋەتتە مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى بولغان دىنىي تەلىماتلاردىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىنى ۋە ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىشتا ئەھمىيىتى زور بولغان قانۇن ـ نىزاملارنى يېتىلدۈرۈپ، «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆز ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئادەم دېگەندە ئادەمگە لايىق ئەخلاق ـ پەزىلەت بولۇشى كېرەك. بۇ ئەركىن قەلب ، مۇستەھكەم ئىرادە، يۈكسەك پەزىلەتنىڭ بىرلىكىدۇر.

ئادەمدىكى يۈكسەك پەزىلەت كىشىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ھەر بىر خەلق، ھەر بىر ئادەم ئۆزلىرىدىكى ئەقلىي ئىقتىدار تىپىنى، خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۈستۈرۈش ۋە ئۇلۇغ نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ ئورتاقلاشقان ئىلمىي نەتىجىلىرىنى ئىگىلەش، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيەسىدە تالانت خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەسقاتىدىغان كونكرېت كۆرسەتمىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەر بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەربىيەلەش كېرەك.

ھەممىگە مەلۇم، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «زىيىنى بار، زىيانلىق، قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك، ناچار، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ،

دىنىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى پەننىي جەھەتتىن بولسۇن كىشىلەرنى يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن چەكلەيدۇ. «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆز گەرچە كونىلىق، خوراپاتلىق تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ «مۇنبەر»دىن چۈشمەي تەكىتلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، بالىلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق تەربىيەلەش ، ئۇلارغا ياخشى ئىش، ياخشى خۇلقنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى خاتا ئىش، گۇناھتىن توسۇش ئۈچۈن ئائىلە تەربىيەسىدە كەم بولسا بولمايدۇ.

دۇنيادا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەخلاق مىزانلىرى بار. بەزى ئەخلاق مەزمۇنلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق. شۇنىڭدەك ئەقىل ۋە قانۇننىڭ كۈچى يەتمىگەن «جايلار»غا ئەخلاقنىڭ كۈچى يېتىدۇ. بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقىنى مىللەت ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئەخلاق. چەكلىنىدىغىنى مىللەت ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىسىز، ناچار ئەخلاق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىغا ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشتىن ئۈبدانراق ئوزۇق بېرەلمەيدۇ» دېگەنىكەن.

ئۇيغۇر مىللىتى ئىشنى ئۆزىنىڭ يەككە ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، ئورتاق خاھىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا كۆنگەن بولغاچقا، نۇرغۇن نەرسىلەر مۇئەييەن ئاممىۋى ئاساستا ئاسانلا قوبۇل قىلىنىدۇ ياكى ئىنكار قىلىنىدۇ. شۇڭا، پىسخىكىمىزدا «قىزىنىپ ـ سوۋۇش» يادرولۇق بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ خاراكتېرىدىكى «چۇۋۇپ ـ توقۇش» ئەندىزىسى بىلەن چاتىلىشىپ بەكلا غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىرەر يېڭىلىقنىڭ شەپىسىگە بولغان سەزگۈرلۈكىمىز يا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى قوبۇل قىلىشىغا ئوخشىمايدىغان، يا زامانىۋى دۇنيانىڭ ئىلغار ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغان پەلەپەتىشلىك ۋە تېڭىرقاشقا ئوخشاپ قالدى.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى تەبىئەتكە باغلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن. ئۇلار تەبىئەت بىلەن تەڭرىنىڭ، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ، ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ، شەيئىلەر بىلەن بىلىش جەريانىنىڭ، قانۇنىيەتلەر بىلەن بىلىش ھەقىقەتلىرىنىڭ، تەبىئەت رېتىمى بىلەن جەمئىيەت رېتىمىنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئادەمنى مۇشۇ بىرلىكلەر تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى باسقۇچ ھېسابلىغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا سەن كىم؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە قىلىپ نەگە كېتىسەن؟ دېگەن سوئال قويۇلىدۇ. بۇنداق سوئاللار ئارقىلىق ئۆزىنى بىلىپ ماگماسلىق ۋە ئادەمنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ياقلاپ ئىنسان كامالىتى ئۈچۈن ئىزدەنمەسلىك، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى يوق قىلىۋېتىدىغان پاجىئەدۇر. مەسىلەن:

قىمارۋازلار ئۆز غېمىدە يۈرۈپ، باشقىلارنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئوغرى، بۇلاڭچى، لۈكچەك بىلەنمۇ دوست بولىۋېرىدۇ، ئوينىغاندا پۇلنىڭ قانچىلىك كەتكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي پۇلنى توپىدەك چاچىدۇ، ئۇتتۇرۇۋەتسە قەرز ئېلىپ ئوينايدۇ. قەرزگە بوغۇلۇپ، ئاخىر ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىدۇ. ھەتتا جېنىنى تىكىشكىمۇ رازى بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلار كىشىلىك پەزىلەتتە چۈشكۈنلىشىپ كەتكەچكە ئەخلاقىنى يوقىتىپ، ئىپپەت ـ نومۇسنى بۇلغاپ، ئائىلە تەربىيەسىنى يوقىتىدۇ. ئۇلار ئاتا ۋەسىيىتىگە قۇلاق سالمىغاچقا، قىمار ئويناپ ۋەيران بولغاندا، كىشىلەر ئۇلارنى: «خۇدا ئۇرۇپتۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھى قورۇنۇپتۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلاردا مەدەنىيەت بىلىمى بولغان تەقدىردىمۇ، ئېتىقاد بولمىغاچقا، ھەرقانداق رەزىللىككە سەۋەبچى بولىدۇ. دانىشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن سۇ بىلەن ھاۋادەك زۆرۈر بولغان ھېكمەتلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ. ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇش، ئىلىم ـ پەن تەھسىل قىلىش، خىزمەت ۋە

تىجارەت قىلىشنى، ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ ئاكتىپ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، قورساق تويغۇزۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، نەپسىنى قاندۇرىدىغان ھەرقانداق يەرگە چۆشىدەك قونىدۇ. بۇلار ئائىلە تەربىيەسىدىكى «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەچكە، نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېتىقادىغا خىلاپ بولغان بولمىغۇر ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە شۇغۇللانماقتا. بۇ بىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىزگە خىلاپ بولۇپ، ئائىلىلەردە نورمالسىزلىق يۈز بەرمەكتە. شۇڭا، ئۇلارغا ھالال بىلەن ھارامنىڭ، ياخشى بىلەن ياماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى كۈچەيتىپ، «يامان بولىدۇ» دېگەن ئەنئەنىۋى سۆز ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى قوزغىتىپ، ياشلارنىڭ پېشقەدەملەر ئالدىدىكى، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى قەرزىنى، نومۇس ۋە ھۆرمەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك بولغۇچە ئاتا ـ ئانا، يۇرت ـ مەھەللە، ئانا ۋەتەنگە قەرزدار بولۇۋاتقانلىقىنى، قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىچىدە: مەن ئاتا ـ ئانامغا قەرزدار، مېنىڭ بۇ قىممەتلىك ھاياتىمنى ئاتا ـ ئانام بەرگەن، بىراق مەن ئۇلارغا نېمە بېرەلىدىم؟! مەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەنگە، ئەل ـ يۇرتقا قەرزدار دەپ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويالايدىغان قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا «ئۇستازى قانداق بولسا، شاگىرتى شۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ۋەتىنىنى، مىللىتىنى، ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك نادانلىقنىڭ ئۈستىگە نادانلىق بولۇپ، ۋەتەن، مىللەت چۈشەنچىسى يوق ئادەملەر ئۆمۈر بويى نەپسىنىڭ تەقەززاسىدا ئۆتىدۇ. ھەتتا ئۇلۇغ ئالىملارنىمۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ماتەم خەۋەرلىرىدىن بىلىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆز يۇرتىغا ئۆزى مۇساپىر بولىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بارا ـ بارا خۇددى ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم بالىدەك تۆت تەرەپكە قاراپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقانداق بىر روھ ئۇلارغا يېڭى ۋەھىمە ئەرۋاھلىرىنى ھەمراھ قىلىپ، «توۋا» قىلمىسا ئۇلارنى يەنە نادانلىقتىن ئىبارەت ياۋۇزلۇق بىلەن ئالاقزادە قىلىپ، تەپەككۇر جەھەتتە بارغانسېرى ئارقىغا چېكىندۈرۈۋېتىدۇ. تەپەككۇردا چېكىنىش، ئويغاق تەپەككۇر دولدۇللىرىغا تەتۈر قاراش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەجەللىك جان تالىشىش بولغانلىقتىن، بۇنداق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئالدى بىلەن ۋەتىنىنى، مىللىتىنى، ئېتىقادىنى چۈشىنىپ، تەپەككۇردىكى نامراتلىقنى يېڭىشى كېرەك.

## 2. «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىكى رولى

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى. جەمئىيەتنى چوڭ بىنا دېسەك، ئائىلە شۇ بىنانىڭ بىر خىشى. بالىلارنىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى ئاتا ـ ئانىلاردا. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئىللىق مېھرى بىلەن كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئىنچىكە، ئەستايىل تەربىيەلەپ ، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگىتىپ، ۋۇجۇدىدا بارىنى بالىلارغا ئاتىغاندىلا سۈپەتلىك، يارامىلىق ئەۋلاد تەربىيەلەپ چىقالايدۇ.

بالىنى ياخشى تەربىيەلەش بىزنىڭ مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىمىز ۋە پەرزىمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، پادىچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئاتا ـ ئانىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئائىلىسىدىن ئىبارەت بولغان بىر بۆلەك پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ» دېگەنىدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلىملىك، تالانتلىق، قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك سانسىزلىغان ئەۋلادلارغا باغلىق. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدىغان ئەۋلادلار دەسلەپتە ئائىلىلەردىن تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى

جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئائىلىنىڭ ئالدىدا سوراقتا تارتىلماسلىق، جەمئىيەتتە يەرگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئائىلىدە بالىلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىش، زېھىن ئىشلىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە «ئىلىم» سۆزى 721 جايدا تىلغا ئېلىنغان. قۇرئاندىكى (68 ـ سۈرە) دە ئاللا تۇنجى بولۇپ «قەلەم» نى ياراتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتىنى «ئوقۇغىن»، «قەلەم بىلەن يازغىن»، «بىلمىگەننى ئۆگەن» دېگەن ئۈچ مۇقەددەس سۆزدىن باشلىغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا بىلىم ئۆگىنىش ئۇيغۇر ئەخلاقىدىكى مۇھىم تېما . شۇنداقلا، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلىدۇر. ئەخلاق بىلىم ئېلىشقا بېقىپ مەلۇم سۈپەت ۋە دەرىجىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بىلىم ئىگىلىگەندە ئاندىن ھەق ـ ناھەقنى، ئاق ـ قارىنى، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ «ئوقۇغىن»، «يازغىن»، « ئۆگەنگىن» دېگەن ئۈچ ئەڭگۈشتەر بىزنىڭ جىسمىمىزغا كۈچ، كاللىمىزغا ئەقىل بېرىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋردە ئائىلىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئاساسىدىكى تەلىم ـ تەربىيەدە، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالا تەربىيەلەشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى مۇناسىۋەتلىك بىلىم ئاساسىدا ئەتراپلىق تەربىيەلىمىگەنلىكتىن، ئادەم تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولغان ئائىلە تەربىيەسىدە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بالا تەربىيەلەشنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلالماي، تەتۈر كوچىلاردا مېڭىپ، بالا تەربىيەلەشتە سەۋەنلىك يۈز بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئىقتىدار جەھەتتە تەربىيەلەشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاق جەھەتتە تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. بالىلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىلار ۋە جەمئىيەت كۈتكەندەك تەربىيەلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستازلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەندەك يامانلارغا ئارىلىشىپ، بەزىلىرىنىڭ دىلى يارا، بەزىلىرىنىڭ قولى قارا بولۇپ، تەييارتاپلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. تارىختىن بۇيانقى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئەمگەك قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن تىنماي ئىشلەشكە تەييار تۇرىدىغان ئەدىيەۋى روھلار سۇسلىشىپ، نەتىجىدە قىران يىگىت بولغاندىمۇ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرنى زىممىسىگە ئالماي گېزىرىپ يۈرىدىغان، تۈرلۈك يامان قىلىقلار ئارقىلىق «بالا ئەمەس بالا» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلار پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل مىللەتتە ۋاقتىدا تاقىمىسا يىرىڭلاپ كېتىدىغان يارىغا ئايلانماقتا. ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقا ئۆز ئائىلىمىزگە قاراپ باقايلى، بىز سەھەر تۇرۇپ ئىمان ئېيتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئىنسانلىق شەرىپى بىلەن ياشاپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، بۈگۈن نېمە قىلىۋاتىمىز؟ نەگىلا قارىساق ئەقلىمىزنى بۇلغاپ، كۆڭلىمىزنى قارا قىلىۋېتىدىغان خۇنۇك نەرسىلەر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

روشەنكى، ھازىر سودا خاراكتېرىدىكى پەسكەش ۋە چاكىنا مەدەنىيەت سورۇنلىرى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ پارتلاپ كەتكۈدەك ئارقا ـ ئارقىدىن بېرىلىۋاتقان تېتىقسىز ئېلانلار، مۇزلىغان تاش شەھەرنىڭ ئەينەكتەك پېشانىلىرىگە ئېسىلغان نازىنىنلارنىڭ كىيىمسىز سۈرەتلىرى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىمەكتە. ئاخبارات ۋاستىلىرى خەۋەر قىلىۋاتقان «ئۇرۇش ـ تالاش قىلىش، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، لۈكچەكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى،

قاتىللارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى» دەك ئىشلار كىشىنى چۆچۈتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن شەرم ـ ھايا كۆتۈرۈلۈپ، ئېتىقادسىز، روھسىز غېرىبسىنماقتا. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم غايىۋى بىر ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ مەقسىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەقسەتسىز، نىشانسىز ھايات ھايات بولمايدۇ.

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا قارىتا ۋاپادار بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، بويسۇنۇش، ھۆرمەتلەش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرى بار. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چاقىرىقى. ۋاپادارلىق ۋە ياخشىلىق قىلغاننى بىلىش ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئەخلاقسىزلىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئادەمنىڭ پەزىلىتى ۋە قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاتا ـ ئانىلار «ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى بالىلارنىڭ قۇلىقىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى كۆرگەندە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق چەكلەپ تۇرۇش كېرەك. ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزغا «مېنى ئاللا ياراتقان، ئاللا ھەرگىز ناچار نەرسىلەرنى ياراتمايدۇ. ئاللا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۈيۈك، مەنمۇ شۇ بۈيۈكلەر ئىچىدىكى بىر بۈيۈكمەن» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى «مەن بەختلىك، مېنىڭ قەلبىمدە تەبىئىي مۇكەممەللىك، يوشۇرۇن ئىقتىدار بار. مەن ھاياتنى، ئىنسانىيەتنى ياخشى كۆرىمەن ، مەن ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى، غۇرۇرۇمنى ساقلىيالايمەن، يامان بولىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن» دېگەن قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە قىلىش، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ تولىمۇ بەختلىك ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرگە روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش كېرەك.

ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن قىلمىشى بىلەن تۇغۇلمايدۇ، بەلكى ئىنسانلار ئۆز قىلمىشىنى ئۆزلىرى يارىتىدۇ. چۈنكى، شەيئىلا بولىدىكەن، شۇ شەيئىنى ياخشى ياكى يامان نەرسىگە ئايلاندۇرىدىغان خۇسۇسىيەت بولىدۇ. مەسىلەن، «ساداقەت» چىن كۆڭۈلدىن ئىپادىلەنگەن سەممىيلىك، ۋاپادارلىق، سادىقلىق بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن «ياخشىلىق»قا خاس بىر خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «ساختىلىق» يالغانچىلىق، ياسالمىلىق، ساختا ئىش ـ ھەرىكەت بولۇپ، ئەزەلدىن «يامانلىق»قا خاس بىر خىل خۇسۇسىيەت ئىپادىلىنىدۇ. بەزى شەيئىلەر ئەسلىدىلا ياخشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. بەزى شەيئىلەر ئەسلىدىنلا يامان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قىلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىرەر بولمىغۇر ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى كۆرسە ياكى يامان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالسا «بالام ئۇنداق دېمەڭ» ياكى بولمىسا «بۇنداق قىلماڭ، يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى قۇلىقىمىزغا قويۇپ، «بۇنداق سەت گەپ قىلسىڭىز ئاغزىڭىز مايماق بولۇپ قالىدۇ»، «چوڭلارغا ئالايسىڭىز كۆزىڭىز قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ»، «يالغان گەپ قىلسىڭىز گېلىڭىزگە تىكەن ئۈنۈپ قالىدۇ»، «خەقلەرنىڭ نەرسىلىرىنى سورىماي ئېلىۋالسىڭىز قولىڭىز چولاق بولۇپ قالىدۇ»، «ئىسراپخورلۇق قىلسىڭىز چوڭ بولغاندا قەھەتچىلىكتە ئۆتىسىز»، «ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جاۋابلاشسا زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالىدۇ»، «قوينى تەپسىڭىز پۇتىڭىز توكۇر بولۇپ قالىدۇ»، «نان ئۇۋۇقىنى دەسسىسىڭىز كۆزىڭىز قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ»، «بېشىغا ياغلىق چەگمەي تاماق ئەتسە ھارام بولىدۇ»، «ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتسا دوزاخقا چۈشىدۇ»، «قىز بالا كەچتە تالاغا چىقسا جىن ئېلىپ قاچىدۇ» (ھازىرقى جەمئىيەتتە كېچىلىرى كوچىلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەن قىزلارنى جىن ئېلىپ قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالۋاستىمۇ ئۇلاردىن

قورقىدىغان بولۇپ قالدى)، «گۈلنى ئۆزىسە خۇدايىم پەرزەنت بەرمەيدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى مىسال قىلىپ، ھەر بىر سىزنىڭ بولمىغۇر ئىش - ھەرىكەتلىرىنى «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆز ئارقىلىق چەكلەپ تۇراتتى.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھاياتىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى «كونىلىق» دەپ تاشلىۋەتتۇقمۇ؟ ۋە ياكى باشقىلار بىزدىن تارتىۋالدىمۇ؟ ھازىر «ئۇنداق قىلسىڭىز يامان بولىدۇ بالام» دەپ ئوغۇل - قىزلىرىنى تەربىيەلەيدىغان ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلار تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. چۈنكى، ئاتا - ئانا ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەرگە بىلىم، ئەدەپ - ئەخلاق پەزىلەتنى ئۆزى ئۆگىتىشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق يازغان:

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.
ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ تەلىمى ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۈچۈن بىر سىگنال. بىر مىللەتنىڭ يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىدىن شۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانا جەمئىيەتنىڭ مۇنبەت دالاسىغا ئېسىل، سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى چاچقۇچى. ئائىلە بىر پارنىك، سورتلۇق، ئۈنۈمى يۇقىرى مايسىلاردىن مول ئۈنۈم ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئائىلە تەربىيەسىدە «ئۆزىنى تولۇق بىلگەنلەر ئەۋلىيا بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاچقۇچ قىلىپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى قانۇنىي ھەقىقەتلەرنى بالىلارغا ئۆگىتىش كېرەك.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ھەسەل ھەرىسىگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىدە 900 نېرۋا بولىدۇ، ھەسەل ھەرىسى بۇ نېرۋىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خۇددى جەڭچىلەردەك رەتلىك ھەم ئۆزئارا دوستانىلىق بىلەن ھەسەل يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. ھەسەل ھەرىسى پەقەت ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق شۇنچە مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى بېجىرىپ، ھەسەل يىغىشنى ئۆگىنىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل - پاراسەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇھىتنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى ھايات شۇنچە جانلىنىپ، ھاياتقا سۆيگۈ تۇغۇلىدۇ.

كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياپيېشىل قارىغايلىقلارنى، ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگىنىدە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدۇ. كىشىلەر تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ئالامەتلىرىگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە. كىشىلەر تەبىئەتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆپرەك، ئادەملەر قىلغان ئۇلۇغ ئىش ۋە ياخشى ھەرىكەتلەرنى ھەقىقىي گۈزەللىك ھېسابلايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە ، ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن قەدىرلىك بولىدۇ.

كىشىنىڭ نىيەت - ئىقبالى شۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيە ۋە ئىشەنچىسىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ھەر بىر ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ساغلام بەدەن، گۈزەل قەلب بولۇشى، ئەخلاق - پەزىلەتتە كامالەتكە

يەتكەن بولۇشى، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا ئۆزىنى تەربىيەلىشى، ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشى، ھەرقانداق ئىشتا قانۇنغا رىئايە قىلىشى، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەسلىكى، ئەخلاقسىز بولماسلىقى، جامائەتكە زىيان يەتكۈزمەسلىكى، ھەممە يەردە ئۆزىنى پاك تۇتۇشى ئۈچۈن كۈندىلىك تۇرمۇش ھاياتىمىزغا سىڭىپ كەتكەن، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان «يامان بولىدۇ» دېگەندەك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ئائىلىدە بالىلارغا بولغان تەلىم ـ تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك.

21 ـ ئەسىر كۈچلۈكلەرنى، ئىلىم ـ پەندە يۈكسەلگەنلەرنى تاللايدۇ. ئاجىزلارنى، بىلىمسىز، مەدەنىيەتسىز، قابىلىيەتسىزلەرنى شاللايدۇ. ھازىر بىر مىللەت، بىر ئائىلە، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلىم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىز چوقۇم بالىلىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىشىگە يار ـ يۆلەك بولساق، بالىلىرىمىز ئۆگەنگەن بىلىمىدىن خەلققە ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان بىرەر ئۇنۇم ياراتسا، بالىلىرىمىز بەختتىن كۈلىدۇ، بىز بالىلىرىمىزنىڭ بەختىدىن پەخىرلىنىمىز، خەلقىمىزمۇ پەخىرلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، قانداق ياشاش، قانداق ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن تۇرمۇش يولىدا قانداق مېڭىش، ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋىجدان، غۇرۇر، ئېتىقادىغا، تىرىشچانلىقىغا باغلىق. دۇنيا ئەسلىي ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان، بارلىق ئىزدىنىشلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈندۇر.

ئاخىرىدا بارلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، شۇنداقلا ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش سەپىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەش بىلەن بىللە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ «يامان بولىدۇ»، «زىيىنى بار» دېگەن ئەنئەنىۋى سۆزلەرگە مۇجەسسەملەشكەن ئەخلاق جەۋھەرلىرىنى دائىم جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇشىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئەنئەنىۋى ئەخلاققا دائىر ئېسىل كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كىشىلىك پەزىلەت ئوزۇقلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى ھەر دائىم تەكىتلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئىسلامجان شېرىپ: «ياشاش سەنئىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
2. تەرجىمە قىلغۇچىلار ئىمىنجان سەيدىن، غوپۇرجان ئابدۇرېھىم: «ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى» (1)، «ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «مەدەنىيەت كارۋانلىرى»، 2004 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
4. تەرجىمە قىلغۇچى ئابدۇللاجان كېرەم: «دىن مەدەنىيىتى خەزىنىسى» «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 9 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
5. شۇ يۈچى: «مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى (تەرجىمە نۇسخىسى).

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنىدا)

# سودىگەرنىڭ ئوغلى بىلەن كېنىزەك

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا يىراق بىر شەھەردە بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنيالىرىنىڭ ھېسابى يوق ئىكەن. بىراق، پەرزەنتى بولمىغاچقا، كېچە - كۈندۈز پەرىشان يۈرىدىكەن. سودىگەر 40 ياشقا كىرگەن يىلى خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. سودىگەرنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يېتىپتۇ ھەمدە خوتۇنىغا ئالتۇن جابدۇقلارنى ياسىتىپ بېرىپتۇ. يۇرت چوڭلىرىغا، قولۇم - قوشنىلىرىغا بولسا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇلار ئوغلىغا ئېلى دەپ ئات قويۇپتۇ ۋە ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. ئاي، يىللار ئۆتۈپ ئېلىمۇ 20 ياشقا تولۇپ چوپچوڭلا بىر يىگىت بولۇپ قاپتۇ. شۇ يىلى ئۇنىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. داڭلىق تېۋىپلاردىن قىممەت باھالىق دورىلارنى سېتىۋېلىپ يېگەن بولسىمۇ كېسىلى شىپالىق تاپالماپتۇ. سودىگەر كېسەلدىن ساقىيىشىغا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئەجىلىم يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ. بىرنەچچە ئېغىز ۋەسىيىتىم بار، مەندىن كېيىن قالساڭ ئېسىڭدە چىڭ تۇت، — دەپتۇ.

— ئەي قەدىرلىك ئاتا، جېنىم بىلەن ئاڭلايمەن ھەم ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلىمەن، — دەپتۇ ئېلى.

— بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، — دەپتۇ سودىگەر، — يامان كىشىلەر بىلەن ئاغىنە بولما. بىزدە «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقىدۇ، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى»، «قاغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق» دېگەن گەپ بار. بۇ گەپلەرنى قۇلىقىڭدا تۇت.

— ماقۇل، دادا.

— ئىككىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، پۇل ۋە ماللىرىڭنى بۇزۇپ - چاچما، — سودىگەرنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسىيىپتۇ، — ئىسراپچىلىق ھەرقانچە باي كىشىنىمۇ ئېپلاس ئادەملەرنىڭ قولىغا قارىتىپ قويىدۇ. مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلساڭ ئۆمۈر بويى خاتىرجەم، باياشات ياشايسەن.

— خاتىرجەم بول دادا، چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ ئېلى. بىرنەچچە

كۈندىن كېيىن سودىگەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. بۇ ئىش ئېلىنىڭ ئانىسىغا بەك ئېغىر كەپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ھەم شۇ ياتقىنىچە ئورنىدىن قايتا تۇرالماي ئېلىنى بۇ دۇنيادا يالغۇز قويۇپ ئېرىنىڭ يېنىغا سەپەر قىپتۇ. ئېلى دادىسى ۋە ئانىسى ئۈچۈن بىر يىلنى قايغۇ ـ مۇسىبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ھەسرىتى ئۇنتۇلۇپتۇ. ئەتراپتىكى هاراقكەش، نەشىكەش، قىمارۋازلار ئېلىنى ئىزدەپ كېلىدىغان، ئۇنى «كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ مەرد يىگىت» دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئالداشقا كىرىشىپتۇ. ئېلىمۇ بۇ ماختاشلاردىن مەست بولۇپ ئۇلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىماپتۇ. ئېلىنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتخانىسىغا ئايلىنىپتۇ. دادىسىنىڭ جان ئۇزۇش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيەتلىرى ئېلىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، ئېلى دادىسىدىن قالغان ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقنى ھېلىقى ئاغىنىلىرى بىلەن ئىككى ـ ئۈچ يىلدىلا بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىپتۇ. ئېلىنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ تۈگىشى بىلەن ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان ئاغىنىلىرى ئۇنى ئىزدىمەيدىغان، ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئېلىنىڭ كۈنلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپتۇ. ئۇ ئىلگىرى پۇللىرىنى خەجلەپ بەرگەن ھەقەمسايىلىرىدىن قەرز ئالماقچى بولۇپ ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

ئەمما ئۇ ھەقەمسايىلىرى:

— سىلەردەك بايلاردا پۇل بولمىسا، بىزدە نەدىمۇ پۇل بولسۇن، — دەپ نەشتەردەك سۆزلەرنى قىلىپ ئېلىنى ئۆيىگىمۇ كىرگۈزمەپتۇ. ئېلىنىڭ ئۆيىدە تۆت تامدىن باشقا نەرسە قالماپتۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە يەيدىغانىنىڭ غېمىنى قىلىپ، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇ بۇ تۇرمۇشقا زادىلا چىداپ بولالماي بىرەر ئىش قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچقانداق ئىلىم ـ ھۈنەرنى ئۆگەنمىگەچكە، بۇ ئويىمۇ ئوي پېتى قاپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ كۈن ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ ھەمدە ئۆز يۇرتىدا تىلەمچىلىك قىلىشتىن نومۇس قىلىپ باشقا يۇرتلارغا يول ئاپتۇ. ئېلىنىڭ يۇرتى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، باشقا يۇرتلارغا بارماقچى بولسا پايانسىز قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ئۇ تەۋەككۈل كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ مېڭىپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغانچە، خېلى كۈنلەر توختىماي مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ دەرماندىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، دەلدەڭشىگىنىچە كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا كۆزىگە بىر يېشىللىق كۆرۈنۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنىگە جان كىرىپ، ھاياتقا بولغان ئۈمىدى ئېشىپ، بار غەيرىتى بىلەن شۇ يەرگە قاراپ تېز يۈرۈپتۇ. كۆرۈنگەن بۇ كىچىككىنە يېشىللىق ئەسلىدە بىر چوڭ يۇرت ئىكەن. ئېلى بۇ يۇرتقا كېلىپ قورسىقىنى توقلاپتۇ، ئۇ بۇ يەردە تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شەھەرگە كىرىپ چوڭ رەستىدە كېتىۋېتىپ بىر دوقمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ بىر كىشىدىن:

— بۇ يەردە نېمە ئىش بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

— بىر سودىگەر بىر قىزنى ساتماقچىكەن. ئۇ قىز ئەسلىي پادىشاھنىڭ كېنىزىكى بولۇپ تەڭداشسىز ساھىبجامال ئىكەن. شۇڭا، بۇ يۇرتتىكى قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ئۇ قىزنى سېتىۋالماقچى، قول ئىلكىدە يوق كىشىلەر تاماشا قىلىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە يىغىلدى، — دەپتۇ.

ئېلى بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ئىشتىياق قوزغىلىپتۇ. ئۇ مىڭ

تەسلىكتە توپنى يېرىپ توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قىزنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سەرۋى بويلۇق، سۇمبۇل چاچلىق، شەھلا كۆزلۈك، پىستە لەۋلىك بۇ قىزنى كۆرۈپ، ئەقلى لال بولۇپ، ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ قىزغا ئاشىق ـ بىقارار بوپتۇ. بۇ كېنىزەكنىڭ باھاسى مىڭ تىللا بولغاچقا، مەن ـ مەن دېگەن بايلار، كاتتا سودىگەرلەر باھاسىغا چىدىماي ئارمانى بولسىمۇ دەرمانى بولماپتۇ. ئېلى مىڭ تىللا ئەمەس، بىر تەڭگىسىمۇ يوقلۇقىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ بىر كونا تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە يۈزسىزلىك قىلىپ يامان كىشىلەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، مال ـ دۇنيالارنى بۇزۇپ ـ چاچقىنىغا پۇشايمان قىلىپ ھەقتائالادىن ئەپۇ سوراپتۇ. ھەقتائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ، كېنىزەكنىڭ كۆڭلىگە ئېلىغا بولغان مەشۇقلۇق سەۋداسىنى سايتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر تارقىغان چاغدا كېنىزەك ئېلىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي مىسكىن يىگىت، مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— مەندە مىڭ تىللا بولغان بولسا سىزنى كۆرگەن چېغىمدىلا سىزگە خېرىدار بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ ئېلى.

— يېنىڭىزدا قانچىلىك پۇلىڭىز بار؟

— بىر تەڭگىمۇ يوق.

— مېنى چىن دىلىڭىزدىن ياقتۇرامسىز؟

— يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتەيمۇ؟ — ئېلى يانچۇقىدىكى پىچاقنى ئېلىپلا كۆكسىگە ئۇرماقچى بولغاندا، قىز قورقىنىدىن ئېتىلىپ كېلىپ ئېلىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئىشەندىم، راستىتىنلا ماڭا ئاشىق ئىكەنسىز. ئەكېلىڭ پىچاقنى، — دەپ پىچاقنى تارتىۋاپتۇ، ئاندىن يېنىدىن مىڭ تىللا چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ:

— توققۇز يۈز تىللانى سودىگەرگە بېرىڭ، ماقۇل دەپ قالسا يۈز تىللا يېنىڭىزدا قالسۇن، بىزگە ئەسقېتىپ قالار. «مىڭ تىللادىن كەم ساتمايمەن» دەپ تۇرۇۋالسا ھەممىنى بېرىڭ، — دەپتۇ. ئېلى سودىگەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ توققۇز يۈز تىللانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— كېنىزەكنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. سودىگەر تىللانى ساناپ چىقىپ:

— يۈز تىللا كەمغۇ؟ — دەپتۇ.

— تاپقىنىم مۇشۇ، — دەپتۇ ئېلى. سودىگەر نۇرغۇن بايلارنىڭ مىڭ تىللا چىقىرالمىغىنىنى يادىغا ئېلىپ:

— بوپتۇ، كېنىزەكنى ساڭا ساتتىم، — دەپتۇ. ئېلى كېنىزەكنى ئېلىپ ئەسلىدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. كېنىزەك ئۆينىڭ بەك كونىراپ، تاملىرى ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— يېنىڭىزدىكى پۇلغا كىگىز، يوتقان، كۆرپە، گىلەم، زەدىۋاللىق رەخت ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. ئېلى كېنىزەكنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاپتۇ. كېنىزەك ئۆينى ئوبدانلا ياساپ ـ جابدۇپتۇ. ئۇلار بۇ جايدا يېڭىچە تۇرمۇشنى باشلاپتۇ. كېنىزەك ئېلىنى بازارغا ئەۋەتىپ ھەر خىل رەڭدىكى يىپلارنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. كېنىزەك بۇ يىپلار بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ، رەڭگارەڭ چېچەكلەرنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرۈپ كەشتە توقۇپتۇ. بۇ كەشتىنى ئېلىگە بېرىپ:

— بۇنى بازارغا ئاپىرىپ يەرلىك كىشىلەرگە سېتىڭ. يادىڭىزدا بولسۇنكى، سىرتتىن كەلگەن تىجارەتچىلەرگە ساتماڭ، بولمىسا مەندىن ئايرىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ. ئېلى بازارغا بېرىپ كەشتىنى يانچۇقىدىن ئېلىشىغا خېرىدارلار تالىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا بىر خېرىدار ئەللىك تىللاغا ئاپتۇ. ئېلى بۇ پۇلغا يىمەكلىكلەرنى ھەم رەڭلىك يىپەك يىپلارنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ. كېنىزەك بىر رومال كەشتىلەپتۇ، رومالغا رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر، شاخلاردا ئېسىلىپ تۇرغان شېرىن مېۋىلەر، دەرەخنىڭ ئۇچىغا قونۇپ ئولتۇرغان رەڭلىك

قۇشلارنى كەشتىلەپتۇ. رومال شۇقەدەر گۈزەل ئىكەنكى، ئۇنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى گۈزەل چىمەنزارلىق ئىچىدە سەيلە ـ ساياھەت قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن. كېنىزەك بۇ رومالنى ئېلىگە بېرىپ:

— بۇنى جاھانكەزدى سودىگەرلەرگە ساتماي، ئۆيدە ئىشلىتىدىغانلارغا سېتىڭ، بولمىسا مەندىن ئايرىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ. ئېلى بۇ رومالنى بازارغا ئاپىرىپ يۈز تىللاغا سېتىپ پۇلىغا يېمەكلىكلەرنى، سوپۇن، گۆشگۈت ھەمدە ھەر خىل رەڭدىكى يىپەك يىپلارنى ئېلىپ ئۆيگە كەپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، كېنىزەك ئالدىنقىسىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق بىر پەردە كەشتىلەپتۇ.

كېنىزەك بۇ قېتىممۇ:

— بۇ پەردىنى ئۆيدە ئىشلىتىدىغانلارغا سېتىڭ، جاھانكەزدى سودىگەرلەرگە ساتسىڭىز مەندىن ئايرىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ.

ئېلى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بازارغا بېرىپتۇ. خېرىدارلار بۇ پەردىنى كۆرۈپلا تالىشىشقا باشلاپتۇ. بىرى ئەللىك تىللا بېرەي دېسە، يەنە بىرى ئاتمىش تىللاغا ئالاي دەپتۇ. باھا بارغانسېرى ئۆرلەپ يۈز تىللاغا چىقىپتۇ. بىر كىشى بىر يۈز ئوتتۇز تىللاغا ئالاي دەپ تۇرسا، باشقا بىر سودىگەر:

— مەن بىر يۈز ئەللىك تىللاغا ئالاي، — دەپتۇ. ئېلى قىممەت پۇلغا يارىغىنىغا خۇرسەن بولۇپ خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنتۇپتۇ. سودىگەردىن بىر يۈز ئەللىك تىللانى ساناپ ئېلىپ پەردىنى ئۇنىڭغا بېرىپلا ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. سودىگەرنىڭ پەردىگە قارىغانسېرى ئەقلى لال بوپتۇ ھەمدە كۆڭلىدە «بۇ چېۋەر چوكاننى قولۇمغا چۈشۈرەلىسەم، ئۇنىڭ ھۈنىرى بىلەن كاتتا باي بولۇپ كەتكۈدەكمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئېلى بىردەم مېڭىپ كەينىگە قارىسا، بايىقى سودىگەر ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان. ئېلى ئۇنىڭدىن:

— مەندە نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ:

— بىرسىنى ئىزدەيتتىم، — دەپتۇ سودىگەر. ئېلى يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كەينىگە قارىسا، سودىگەر كەينىدە تۇرغان.

— يولۇڭىزغا مېڭىۋەرمەي، بۇ يەردە نېمىگە تۇرىسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، سودىگەر:

— مېنىڭ بارىدىغان يېرىم بۇ يەردىن خېلىلا يىراق. قورسىقىم ئېچىپ، ئۇسساپ كەتتىم، — دەپتۇ. ئېلى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. كېنىزەك كۆڭلىدە «نېمىشقا يات ئادەمنى ئۆيگە باشلاپ كەلگەندۇ» دەپ ئېرىدىن نارازى بوپتۇ. ئېلى سودىگەرگە داستىخان سېلىپتۇ. سودىگەر ئۆي ئىگىلىرىنىڭ بىخۇد پەيتىدە ھوشسىزلاندۇرۇش ئۇپىسىنى چېچىپلا ئۇلارنى ھوشسىزلاندۇرۇپتۇ. كېنىزەكنى تاغارغا سولاپ يۈدۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئېلى ھوشىغا كېلىپ قارىسا خوتۇنى ئۆيدە يوق تۇرغان. شۇندىلا ئۇ سودىگەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، خوتۇنىدىن ئەنسىرەپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنلۇك يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. تام قوشنا موماي ئۇنىڭدىن:

— بالام، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېلى بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سەۋر قىل بالام، مەن ئامالىنى قىلىپ باقاي، — دەپتۇ موماي. ئۇ بىر لېگەنگە مونچاق، ھالقا، بىلەزۈك قاتارلىق زىبۇزىننەتلەرنى تىزىپ:

— ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن، — دەپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپتۇ. باھادا كېلىشەلمىگىنىنى باھانە قىلىپ ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بۇ ئۆيگە كىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ يوسۇندا يۇرت ـ مەھەللىلەرنى كېزىپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ھېلىقى سودى-

گەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، سودىگەر ئۆيدە يوق ئىكەن. كېنىزەك:

— موما، مەن سىلىنى تونۇغاندەك قىلمەدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— سىز قوشنام ئېلىنىڭ خوتۇنىغۇ؟ — دەپتۇ. كېنىزەك مومايغا ئېسىلىپ يىغلاپ بۇ ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مەنمۇ سىزنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن بۇ چارىنى ئويلاپ چىقاندىم، سىزدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئېرىڭىزنىڭ ھالى بەك خاراب. مەن سىزنىڭ بۇ ئۆيدە بارلىقىڭىزنى ئېرىڭىزگە يەتكۈزەي، ئۇ چوقۇم سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ، بىر ئامال قىلىپ بىللە قېچىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ موماي. موماي قايتىپ كېلىپ ئېلىغا خوتۇنىنىڭ ئۈچۈرىنى بېرىپتۇ.

مومايدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئېلى دەرھال خوتۇنىنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆز يولىدا كېتىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى كېنىزەكتىن ئاڭلايلى.

كېنىزەك: «ئېرىم مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى» دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى بىر ئوغرى سودىگەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن ئۆينىڭ كەينىگە كەپتۇ. كېنىزەك ئۆينىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ «ئېرىم كەپتۇ» دەپ ئېلىپ قېچىشقا بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان بىر خۇرجۇن ئالتۇننى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلاپتۇ ھەمدە ئۆزىمۇ سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا كېنىزەك ئۇ كىشىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. كېنىزەك «ئېلى»غا:

— خۇرجۇندا ئالتۇن بار، سىز كۆتۈرۈڭ، تېز ماڭايلى، — دەپ پىچىرلاپتۇ. ئوغرى بۇ ئامەتتىن خۇشال بولۇپ خۇرجۇننى يۈدۈپ مېڭىپتۇ. كېنىزەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ - سۆز قىلىشماي، شەپىمۇ چىقارماي جىمجىت مېڭىشىپتۇ. تاڭ كېچە بولغاندا بىر تاشلاندۇق ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپتۇ. ئالەم يورۇغاندا ئورنىدىن قوپۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراپ داڭ قېتىپلا قېلىشىپتۇ. كېنىزەك بۇ ئالتۇننى قانداق قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلىنىپ، ئوغرىغا ئەگىشىپ مېڭىپ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئوغرى كېنىزەك بىلەن ئالتۇننى ئانىسىغا ئامانەت قىلىپ سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئاخشىمى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئوغرىنىڭ ئانىسى بىلەن كېنىزەك ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. ئوغرىنىڭ ئانىسى خورەك تارتىپ ئۆلگەندەك ئۇخلاپ قاپتۇ. كېنىزەك ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇرجۇننى يۈدۈپ، ئۆيدىن تىۋىش چىقارماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. «قانداق قىلسام ئېرىمنى تاپارمەن» دەپ قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندا، سارايۋەن:

— چىرايلىق خېنىم، پادىشاھىمىزنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئىككى ھەپتە، دۆلەت قۇشى ئۇچۇرۇلۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولدى. دۆلەت قۇشى ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىغانلىقتىن شەھىرىمىز شاھسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئولتۇرۇۋەرمەي رەستىگە چىقىپ تەلىيىڭىزنى سىناپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

— پادىشاھلىقتىن تەمەيىم يوق، — دەپتۇ كېنىزەك.

— كوچىغا چىقسىڭىز ھېچبولمىسا غەم - غۇسسىلىرىڭىز ئازىيىپ، كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالار، — دەپتۇ سارايۋەن. بۇ سۆزلەر كېنىزەككە يېقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوچىغا چىقىپتۇ. راست دېگەندەك ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممەيلەن گۆش تۇتۇۋالغان قوللىرىنى بىر - بىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن دۆلەت قۇشىنى ئۆزىگە قوندۇرۇش ئۈچۈن ۋارقىرىشىپ يۈرگۈدەك.

كېنىزەك بۇ ئىشلارغا قىزىقماي ناۋاينىڭ يول بويىدىكى كونا، ئىسلىشىپ كەتكەن كەپىسىگە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. دۆلەت قۇشى بارا - بارا پەسلەپ كەپىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، ئاندىن قانىتىنى يىغىپلا تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ كېنىزەكنىڭ دولىسىغا قونۇپتۇ. ئۇردا كاتتىلىرى ئۇنىڭ پادىشاھ بولغىنىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىمىسا ئۇنىماي مامۇق كۆرپىلەر سېلىنغان مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ - دە، شاھلىق تەختىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ شاھلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى ئېلىدىن ئاڭلايلى.

ئېلى مەھەللىمۇ مەھەللە، كوچىمۇ كوچا، شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپ كېنىزەكنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئەرنىڭ:

— ئانا، شۇنداقمۇ بىپەرۋالىق قىلامسىز؟ كېنىزەك بىر خۇرجۇن ئالتۇننى ئېلىپ قاچسىمۇ تۇيماپسىز. ئۇنىڭ قاچقىنىغا بىر ئاي بولدى، ئەمدى ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ بۇ تونۇشلا ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويلاپ - ئويلاپ ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ. خوتۇنىنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ يەنە ئىزدەشكە باشلاپتۇ. خەقلەرنىڭ ئوتۇننى يېرىپ، سۇيىنى توشۇپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، كېچىلىرى كونا تاملىقلاردا قونۇپتۇ. مۇشۇنداق سەرسانچىلىقتا بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرمەي ئۆيىگە سودىگەرنى باشلاپ كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر شەھەرنىڭ رەستىسىدە كېتىۋېتىپ دوقمۇشقا چاپلانغان پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسىمىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. يېقىن كېلىپ قارىسا ئۆزىنىڭ خوتۇنى تۇرغان. ئەسلى كېنىزەك شاھ بولغاندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپلەرگە، يۇرت - يۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئېرىنى ئىزدىتىپتۇ، ئېلى تېپىلماپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئېرىم بۇ شەھەرگە كېلىپ قالسا مېنى تونۇسۇن» دېگەن نىيەتتە رەسىمىنى سىزدۇرۇپ كوچىغا چاپلىتىپ، كۆزەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. ئېلى رەسىمنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كۆزەتچىلەر بۇ يىگىتنىڭ پادىشاھنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ھەمدە ئېلىنى ھوشسىز پېتى ھارۋىغا سېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. شاھ ئېرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. كۆزەتچىلەر ئېلىغا سوغۇق سۇ پۈركۈپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئېلى خوتۇنىنى تونۇپ قايتىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. تېۋىپلار دورا ئىچكۈزۈپ ئۇنى ئاران ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھ ئېرى بىلەن دىدارلاشقىنىغا تەنتەنە قىلىپ شەھەر خەلقىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. سوۋغا - سالاملارنى تارقىتىپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ، پۇقرالارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئېرىنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى مەسلىھەتچى بوپتۇ. ئېلى شاھ بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقىنىنى، خوتۇنىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئاجايىپ كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگىنىنى يادىدىن چىقارماي، باشقىلارنىڭ تەنقىد، مەسلىھەتلىرىنىڭ توغرىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شاھلىقنى ئادىللىق بىلەن يۈرگۈزۈپتۇ. دۆلەت گۈللەپ ياشناپتۇ، خەلق خاتىرجەم، باياشات ياشاپتۇ. پادىشاھ بىلەن مەسلىھەتچىمۇ كۆڭۈللۈك، ئامان - ئېسەن ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

(سۆزلەپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا قوشكۆل كەنتىدىن ئەسقەرجان)
(توپلاپ رەتلىگۈچى: قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



# ئوبۇل كاج بىلەن جىملەك جاھىل

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرەھىم سابىت قاراخان

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، زامانىنىڭ ئاۋۋىلىدا بىر يۇرتتا ئوبۇل كاج دېگەن بىر ئەر كىشى بىلەن جىملەك جاھىل دېگەن بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇلار كاجلىقى ۋە جاھىللىقى بىلەن يۇرتتا داڭق چىقارغانىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس دېگەندەك، ئوبۇل كاج بىلەن جىملەك جاھىل ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە توي قىلىشىپتۇ. ئۆزلىرى ئەپلىشىپ، خۇيلىرى ماسلىشىپ، جېدەللەشسىمۇ ئۇرۇشماي، بىر - بىرىگە نەپ بەرسىمۇ گەپ بەرمەي ئۆي تۇتۇپ، بىر زامانلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. باھار مەزگىلى يېتىپ كېلىپ، تېرەك يوپۇرماقلىرى تەڭگە بوپتۇ. چوكانلارمۇ بەڭگە بوپتۇ. ھاۋا ئىسسىپ، گۈللەر ئېچىلىپ، پۈتۈن ئەتراپ ياپيېشىللىققا چۆمۈپتۇ. تەبىئەتمۇ گۈزەل ھۆسنگە تولۇپتۇ. بۇ گۈزەللىك، ياپيېشىللىققا مەستلىكى كەلگەن ئوبۇل كاجنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ چىقىپ، سەھرا، يېزا - قىشلاقلارنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ قاپتۇ. ئۆيگە بېرىپتۇ، ئېشەكنى توقۇپتۇ. خوتۇنىنى مىنگۈزۈپ، ئۆزى ئارقىدىن ئېشەكنى ھەيدەپ يېزىغا مېڭىپتۇ. يول بويلىرىدىكى ياپيېشىللىقنى، ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرۈپ، سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جىملەك جاھىلنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئېتىزلاردىكى ئەمدىلا باش تارتقان بۇغداي مايسىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي «ئەجەب قىرقىپتۇ» دەپتۇ. خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنىڭ يايراپ كەتكىنىگە مەستلىكى كېلىپ، خۇشال كېلىۋاتقان ئوبۇل كاج بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال توختاپتۇ ۋە خوتۇنىغا قاراپ: «ھەي خوتۇن، قىرقىپتۇ ئەمەس، تاختا بوپتۇ، دە» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىملەك جاھىلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، جاھىللىقى تۇتۇشقا باشلاپتۇ. «قىرقىپتۇ، قىرقىپتۇ» دېگىنىچە ئېرىگە قارىماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئوبۇل كاجنىڭمۇ كاجلىقى تۇتۇشقا باشلاپتۇ. «تاختا بوپتۇ، دە، تاختا بوپتۇ، دە» دېگىنىچە خوتۇنىغا گەپ بەرمەي مېڭىۋېرىپتۇ. جىملەك جاھىلمۇ ئېرى بىلەن گەپ تالىشىپ، ئۇنىڭغا گەپ بەرمەي «قىرقىپتۇ، قىرقىپتۇ» دەۋېرىپتۇ. ئوبۇل كاج جىملەك جاھىلنى «تاختا بوپتۇ» دېگەن گەپكە كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر بولالماي،

خوتۇنىنىڭ تىلىنى قىرقىپ تاشلاپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان جىمىلەك جاھىلنىڭ غەزىپى دەرھال ئۆرلەپتۇ. ئىككى قولىنى قايچا شەكلىگە كەلتۈرۈپ «قىرقىپتۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئوبۇل كاج خوتۇنىنى تىللاپ بېقىپتۇ، ئۇرۇپ بېقىپتۇ، يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ. «تاختا بوپتۇ» دېگەن گەپكە مۇتلەق قايىل قىلالماپتۇ. ئاخىر ئىككى قولىنى باغلاپ ماتاپ تاشلاپتۇ. جىمىلەك جاھىلنىڭ جاھىللىقى تېخىمۇ ئەۋج ئاپتۇ. قولى ماتالغان بىلەن ماتالمىغان ئىككى پۇتىنى قايچا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، سىلكىپ «قىرقىپتۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ ئېشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. جىمىلەك جاھىلنىڭ جاھىللىقىدىن غەزىپى ئۆرلەپ تاشقان ئوبۇل كاج ئاخىر بولالماي خوتۇنىنىڭ قول - پۇتىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. جىمىلەك جاھىل سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەستى سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپتۇ ۋە لەپەڭشىپ ئېقىپ مېڭىپتۇ. جەسەتنىڭ ھەر بىر لەپەڭلىشىنى «قىرقىپتۇ» دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن ئوبۇل كاج «تاختا بوپتۇ دېگىن» دەپ توۋلاپ، دەريا بويلاپ مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ماڭسىمۇ جەسەت يەنە لەيلەپ لەپەڭشىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئوبۇل كاج «خوتۇنۇم مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمىدى» دەپ ئويلاپتۇ ۋە كاجلىقى تۇۋىدىن تۇتۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى خوتۇنىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ ئۈستىگە قارىتىپ ئېتىپتىكەن، ئوبۇل كاج سۇغا چۆكۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوبۇل كاج بىلەن جىمىلەك جاھىل بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ئالەمدىن ئەنە شۇنداق ئۆتكەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى قەشقەر شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن مۇنەۋۋەر ئىسمايىل. مەرھۇم مۇنەۋۋەر ئىسمايىل بۇ چۆچەكنى باللىق ۋاقتىدا ئانىسى مەرھۇم ئايشەم ھەسەنھاجىمدىن ئاڭلىغانىكەن)

(توپلاپ رەتلىگۈچى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

ھەر تىرىك جان قىلسا ھەرىكەت،
ھەرىكەتكە قاراپ تاپار بەرىكەت.

— دانالار خەزىنىسىدىن ئېلىندى.

ئۆمۈرنى ئۆتكەنچە بىرپەس ھەر زامان،
تارتسام ئۆتكەندىن كۆپى تالمىغان.
ئەي كىشى ئۇيقۇدا ئۆتتى ئەللىك يىل،
بۇ قالغان بىر كۈننى سەن غەنىيمەت بىل.
شۇ كىشى خىجىل بولۇر كىم تېرىش قىلمايدۇ،
كۈچى چېشى ۋاقتى يېتىشكىنى ھېچ تىلىمەي.
ھارغان چاغ شېرىن بولۇر ئۇيقۇ ھەر دەم،
بىياباندا قالدۇرار يولدىن سەپەردە.
كىمكى يېتىشكەندىن سالسا ئىمارەت،
ئۆتكەچ باشقىسى كۆرىدۇ راھەت.
ۋە لېكىن باشقىدا يە نە شۇ ھەۋەس،
ھېچكىم بۇ بىنانى پۈتتۈرگەن ئەمەس.

بىر ۋاپادوست بىلەن بولمىغىن ئاشنا،
بۇ خائىن دوستلۇقىغا يارىماس ئەسلا.
ياخشى يامان تۇغۇلار ئاقىۋەت،
ياخشى ئىش قىلغانلار تاپار سائادەت.
لازىملىقنى كۆرگەنلەر ئۆزلۈك ماختىمۇر،
ئارقىدىن ئىشىتمەس، ماختانغىنى بىلمۇر.
ئۆمۈر قاتىگىنىڭ تۈزەلمەس كۆزىدە —
ئاز قالدى ئىچكىمە غۇرۇر كەلگىدە.
ئەي كىشى بازارغا بارسا نۇرلىق،
قورقمىغىن ياغلىقتىن قاتتىق مۇقۇرۇق.
ئاشلىقنى خام ئورۇپ يېپ بولسا كىم،
خامان ئىشىدا ئاقىۋەتتە تېرىشلانمىم.

گۈلستانىن



نورۇز ئېشى

رەسسام: ئەسقەر تۇردى


# 源　泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维吾尔文)　总131期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 131 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043